

ئادىل ئىمىن

# خرۇستال شاھزادە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئادىل ئىمىن

# خرۇستال شاھزادە

(چۆچەكلەر)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目（C I P）数据**

水晶王子：维吾尔文/阿地力·伊明著 .— 喀什：喀什维吾尔文出版社，2011.2
ISBN 978－7－5373－2284－3

Ⅰ. ①水… Ⅱ. ①阿… Ⅲ. ①童话—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①I287.7

中国版本图书馆 C I P 数据核字（2011）第 025197 号

责任编辑：**姑丽巴哈尔·麦麦提依明**
责任校对：**坎拜尔古丽·吾斯曼**

水晶王子
（童话故事）
**阿地力·伊明** 著

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编：844000）
**各 地 新 华 书 店 经 销**
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32 开本 6.875 印张
2011 年 5 月第 1 版 2011 年5 月第 1 次印刷
印数：1—3000 定价：14.00 元

---

如有质量问题，请与我社联系调换。 电话：0998 — 2653927

# مۇندەرىجە


تاش قىز..........................................1
خىرۇستال شاھزادە ................................68
بىر جۇپ قار ھەيكەل...............................102
قار قىز...........................................108
كۆپۈكتىكى دۇنيا..................................171

# تاش قىز

چەت - ياقىسىغا كۆز يەتكۈسىز كەڭ دېڭىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا، كۆلىمى داستىخانچىلىك بىر كىچىك ئارال بولۇپ، ئارالدا قاچانلاردا، قانداقسىگە كېلىپ قالغىنى نامەلۇم، ئەڭ ئۇستا ھەيكەلتىراشنىڭ نادىر ئەسىرىدەك بىر قىزنىڭ تاش ھەيكىلى بار ئىكەن. ئۇ كىمنىڭدۇر كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، يىراق - يىراقلارغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بىر ھالەتتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن.

گاھى دەھشەتلىك دېڭىز بورىنى ئۇنى ئۇچۇرۇپ كەتمەكچى، گاھى ئارال لېۋىگە ئوقچۇپ چىققان شىددەتلىك دولقۇنلار يالماپ، دېڭىزغا ئەكىرىپ كەتمەكچى بولىدىكەن، بىراق ھېچبىرى مەقسىتىگە يېتەلمەيدىكەن، ئۇ ھامان خەۋپ - خەتەرلەر ئىچىدە مەزمۇت خادا تاشتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭغا پەقەت كېچىلىرى ئاي بىلەن يۇلتۇزلار، كۈندۈزلىرى قۇياش سىرداش؛ سەلكىن شامال بىلەن ئۇچار بېلىقلار مېھمان؛ ئالتۇن رەڭلىك مەرۋايىت قۇلۇللەر ھەمراھ ئىكەن.

— سەن بۇ جاھاندا ئەڭ چىرايلىق، — دەيدىكەن قۇياش ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن

سۆيۈنۈپ، — مەن تۈنۈگۈنكى بىر كۈندىمۇ دۇنيانى ئايلىنىپ، سەندەك بىر گۈزەلنى كۆرمىدىم.

— ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال مەلىكىمۇ سەنچىلىك ئەمەسكەن، — دەيدىكەن ئاي ھەركۈنى ئاخشىمى ئۇنىڭدىن زوقلىنىپ، — مەن بايىلا ئۇ ياتقان شاھانە ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن ماراپ باقتىم.

— سەن جاھاندا ئەڭ سۆيۈملۈك، — دەيدىكەن سەلكىن شامال ھەر كەلگەندە ئۇنىڭ ئالمىدەك مەڭزىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — نۇرغۇن ساھىبجاماللارنى ئۇچراتتىم، لېكىن ھېچبىرى ساڭا يەتمەيدىكەن.

— ئەگەر، — دەيدىكەن دېڭىزدىن ئۇچۇپ چىققان ئۇچار بېلىقلارمۇ ئارال ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتكەندە، — تۇمشۇقلىرىمىزنىڭ زەخىملىنىپ قېلىشىدىن قورقمىساق بىزمۇ سېنى سۆيۈۋالاتتۇق.

— بىراق، ھەرقانچە ماختىساڭلارمۇ مەن بەرىبىر تاش،— دېگەن يىغلامسىرىغان ئاۋاز كېلىدىكەن قىزنىڭ ھەيكىلىدىن ئۇلارغا جاۋابەن. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلايدىكەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۈن - تىنسىز، چەكسىز تاقەتچانلىق بىلەن يىراق - يىراقلارغا تىكىلگىنىچە تۇرۇۋېرىدىكەن، ئۇنىڭ كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتىدىكەن .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئارالغا يېڭى بىر مېھمان كېلىپ قاپتۇ، ئۇ بولسا تەنتەكلىك بىلەن دېڭىز - ئوكيانلاردىن ھالقىپ ساياھەت قىلىپ يانغان بىر كىچىك قارلىغاچ ئىكەن، ئۇنىڭ بويىندا تېخى كىچىككىنە

جىلتىسمۇ بار ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئارالغا دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قونۇشى ئىكەن.

— مەرھابا! قارلىغاچ، — دېگەن سادا كەپتۇ قىزنىڭ ھەيكىلىدىن.

— سىز گەپ قىلىۋاتامسىز؟ — سوراپتۇ قارلىغاچ ئەجەبلىنىپ.

— شۇنداق، — دەپتۇ قىزنىڭ ھەيكىلى، ئاۋاز گويا ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىۋاتقاندەكلا بىلىنىپتۇ، — كەلگىنىڭىزدىن بەك خۇشالمەن.

— رەھمەت، — دەپتۇ قارلىغاچ تەكەللۇپ بىلەن، — بىراق، سۆزلىيەلەيدىغان تاش ھەيكەلگە يولۇقۇش ئۆمرۈمدە يولۇققان ئەڭ ئاجايىپ بىر ئىش بولدى، ئەمدى چوڭ قۇرۇقلۇققا بارغىنىمدا قېرىنداشلىرىمغا سۆزلەپ بېرىدىغان يېڭى بىر تېما چىقتى.

— سىز بۇ يەردە قانچىلىك تۇرارسىز؟ — شۇنداق سادا كەپتۇ يەنە قىزنىڭ ھەيكىلىدىن.

— نەچچە مىنۇتلا تۇرارمەن، — دەپتۇ قارلىغاچ، — باسىدىغان مۇساپەم بەك ئۇزۇن، شۇڭا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تېزرەك يولغا چىقىشىم كېرەك، ھازىر ھاۋا ئوچۇق، بوران - چاپقۇن يوق، يىراققا سەپەر قىلىشنىڭ تازا ياخشى پەيتى.

— قۇرۇقلۇق بەك يىراقتا، — شۇنداق ئاۋاز كەپتۇ يەنە ھەيكەلدىن، — قاراڭغۇ چۈشكۈچە يېتىپ بارالمايسىز، ئارىلىقتا قونۇپ دەم ئېلىۋالغۇدەك ئارالمۇ يوق، ئەمدى مۇشۇ يەردە تۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئەتە سەھەردە ئۇچۇپ كېتىڭ.

— ئاھ! قەدىرلىكىم قارلىغاچ، — دەپتۇ شۇ چاغ

يىراقلاردىن شىۋىرلاپ كەچكى قىزىل قۇياش، — ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇنىڭغا بىر كىچە ھەمراھ بول، ئۇ بەك غېرىبسىندى، مېنىڭ ئۇنىڭ قېشىغا بارغۇم بولىسمۇ، ئىمكانىيەت يوق، چۈنكى مەن تۆۋەنلىسەم، دېڭىز قۇرۇپ، زېمىنغا ئوت كېتىدۇ، ھەممە جانلىق مەۋجۇدات ھالاك بولىدۇ. قارا، ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە، تېخى ساڭا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن.

قارلىغاچ ئاخىر قۇياشنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلەندىمۇ ياكى تاش قىزنىڭ غېرىبلىقىغا ئىچى ئاغرىدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئارالدا بىر كېچە تۈنىمەكچى بوپتۇ ، بىراق يەنە خورسىنىپ:

— بۇ ئۇزاق كېچىنى قانداقمۇ ئۆتكۈزۈپ بولارمەن، بۇ يەردە ھەرگىزمۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس، — دەپتۇ قىزنىڭ ھەيكىلىگە.

— مەن سىزگە ھېكايە ئېيتىپ بېرەي، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ قىزنىڭ ھەيكىلىدىن، — شۇنداق قىلسام ۋاقتىنىڭ ئۆتكىنىنى سەزمەيلا قالىسىز.

— شۇنداق قىلىڭ، — دەپتۇ قارلىغاچ مەمنۇن بولۇپ.

— لېكىن مېنىڭ بىر تەلىپىم بار، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ قىزنىڭ ھەيكىلىدىن، — جىلتىڭىزدە دەپتەر-قەلىمىڭىز بولسا كېرەك، سىز ھېكايەمنى خاتىرىلىۋالسىڭىز بوپتىكەن.

— ماقۇل، — دەپتۇ قارلىغاچ خۇشاللىق بىلەن، — جىلتەمدە راستتىنلا سەرەڭگە قېپىچىلىك كىچىك خاتىرەم بىلەن كىچىك قېرىندىشىم بار، ساياھىتىمدە كۆرگەن، بىلگەنلىرىمنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئېلىۋالغان، بىر

مەدرىسەنىڭ پېشايۋىنىدا ماكانلاشقانىدىم، مۇدەررىسلەر تالىپلارغا ھەر خىل ئىلىملەردىن دەرس بېرەتتى، ئەلۋەتتە ئىشنى ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىشتىن باشلايتتى، قىزىققاقلىقىمدىن خەت يېزىشنى ئۆگىنىۋالغانمەن.

— ئۇنداقتا بەك ياخشى، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ قىزنىڭ ھەيكىلىدىن، — ئېسىۋالغان جىلتىڭىزگە قاراپلا خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئىكەنلىكىڭىزنى پەرەز قىلغانىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن تاش قىز ھېكايىسىنى باشلاپتۇ، قارلىغاچ قېرىندىشىنى ئېلىپ خاتىرىلەشكە تەييارلىنىپتۇ.

بۇ چاغ قۇياش پېتىپ، پۈتۈن ئالەم قاراڭغۇلۇققا چۆمۈپتۇ، بىراق ئۇلار سەل تەخىر قىلغانىكەن، تولۇن ئاي كۆتۈرۈلۈپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، سۈتتەك ئايدىڭ بوپتۇ، قارلىغاچ تاش قىزنىڭ ھېكايىسىنى بىمالال خاتىرىلەپتۇ.

بىز ئەمدى قارلىغاچنىڭ نېمىلەرنى خاتىرىلىگەنلىكىنى ئوقۇپ كۆرەيلى.

ئوماققىنە بىر چىرايلىق قىز جۇلدۇر كىيىملەرگە مەھكەم ئورىنىپ، دىرىلدەپ تىترىگىنىچە بىر چېلەك، بىر تال تاش ۋە قارماق كۆتۈرۈپ، يىرتىق كەش كىيگەن پۇتلىرىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ قېلىن مۇز تۇتقان دەريا ئۈستىدە كېتىۋاتماقتا ئىكەن، ئۇنىڭ كونا رومىلىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەچكە، قۇندۇزدەك قارا چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن.

«ئۇ نېمىشقا شۇنداق قاتتىق سوغۇقتا ئىسسىققىنە ئۆيىدە، گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئانىسى ئېيتىپ بېرىدىغان ‹بۆرۈنىڭ بۆرۈنى- سىدا› نى ئاڭلىمىغاندۇ ياكى زىلۋا - نازۇك تېنىنى تۈلكە

تىرىسى جۇۋىسىغا ئوراپ، يۇك رومال بىلەن بېشىنى چۈمكەپ، پۇتلىرىغا قىپقىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيىپ ئاندىن سىرتقا چىقمىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالارسىز.

ئۇنىڭغۇ شۇنداق قىلغۇسى بار ئىكەن، بىراق ئۆگەي ئانىسى تولىمۇ زالىم بولغاچقا بۇنداق ياخشى ئىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمايدىكەن، ئەكسىچە بۇ ئۆگەي ئانا بۇ بىچارە قىزنىڭ سوغۇقتا توڭلاپ، ئۆلۈپ كېتىشىنى ياكى مۇزدا تېيىلىپ كاچكۇلغا چۈشۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

دەل شۇنداق شۇم غەرەز تۈپەيلى ھېچ كىشى سىرتقا چىقىشنى خالىمايدىغان قار - شىۋىرغانلىق قاتتىق سوغۇق بىر كۈنى قەستەن ئۇنىڭغا بىر چېلەك بىلەن تاش، قارماقلارنى تۇتقۇزۇپ دەريادىكى مۇزنى چوقۇپ، ئېچىلغان تۆشۈكتىن بېلىق تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇغانىكەن، شۇڭا قىز قەدەمدە بىر تېيىلىپ، بىر تۆشۈك ياكى كاچكۇل تېپىۋېلىش ئۈمىدىدە كېتىۋاتماقتا ئىكەن. ئۇ بۈگۈن بىر چېلەك بېلىق تۇتۇپ بارمىسا رەھىمسىز ئاتىسىدىن قالغان ئۆيگە كىرگۈزۈلمەيدىكەن. مۇز ئۈستىدە بولسا تاش بىلەن ئۇرۇپ تۆشۈك ئېچىشقا ئەسلا مۇمكىنچىلىك يوق ئىكەن.

شۇنداق كېتىۋېتىپ ئۇ تۇيۇقسىز قاراس - قۇرۇس قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ دەريا ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ نېپىز مۇز تۇتقان بىر جايغا دەسسەپ سالغانىكەن.

بۇ دەل ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئۈمىد قىلغان ئىش ئەمەسمۇ، ئۇ بىلسە قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر - ھە؟......

بىراق، قىز دەريا ئاستىدا تۇگۇلاپ قالماپتۇ، بەلكى تولىمۇ ئىللىق ئۆزگىچە بىر دۇنيانى كۆرۈپتۇ.

بۇ يەردە ياپيېشىل گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، تۈرلۈك بېلىقلار ھاۋادىكى قۇشلاردەك ئەركىن - ئازادە ئۇيان - بۇيانغا ئۈزۈشۈپ ئويناپ يۈرگەن.

— پاھ! — دەپتۇ قىزچاق.

— بۇ يەر نېمىدېگەن ئىللىق، نېمىدېگەن گۈزەل - ھە!؟

لېكىن، ئۇ ئۆزىنى بىرئاز نەپەسى قىسىلىۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ، چۈنكى ئۇ يەر ھەرقانچە گۈزەل ھەم ئىللىق بولغىنى بىلەن، بەربىر سۇ مەخلۇقاتلىرىلا ھايات كەچۈرىدىغان سۇ ئاستى دۇنياسى - دە.

شۇ چاغ ئۇنىڭ كەينىدىن:

— قىزچاق، سۇ ئاستىغا قانداق قىلىپ چۈشۈپ قالدىڭىز؟ — دېگەن بەكمۇ يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بوستان چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، بېلىنىڭ تۆۋىنى ئالتۇن قاسراقلىق بېلىق تەنلىك، ھۆسن - جامالى ئاجايىپ گۈزەل، لېكىن تۇرق - سىياقى شۇنداق غەلىتە بىر قىزنى كۆرۈپتۇ.

ئۇ بىرئاز ئەنسىدەكىپتۇ - يۇ، ئۇنىڭ خۇش تەبەسسۇملۇق گۈزەل چېھرىگە قاراپ كۆڭلى تىنجىپ:

— دەريا يۈزىدىكى مۇز يېرىلىپ بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتىم، ئۆزلىرى كىم بولىلا، — دەپتۇ مۇلايىملىق بىلەن.

— مەن دەريا - دېڭىزلاردا ياشايدىغان بېلىق قىز، — دەپتۇ بېلىق تەنلىك قىز، — دەرياغا بىرەر ئىش بىلەن

كەلگەنمىدىڭىز؟

— ئۆگەي ئانام «مۈزدىن تۆشۈك ئېچىپ، قارماق بىلەن بېلىق تۇتۇپ كەل» دەپ ئەۋەتكەنىدى، — دەپتۇ قىزچاق.

— ۋاي بىچارە قىز، — دەپتۇ بېلىق قىز، — بۇ ئۈنىڭ سىزنى توڭلاپ ياكى دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلسۇن دەپ بۇيرۇغان ئىشى ئەمەسمۇ، قاتتىق سوغۇق قىش كۈنلىرى دەريا قېلىن مۇز تۇتىدىغان تۇرسا، قانداقمۇ بېلىق تۇتقىلى بولسۇن، سىز ئەمدى قانداق قىلىسىز، بۇ يەردە قالامسىز، قالسىڭىز سىزنى سىڭلىم ئورنىدا كۆرۈپ ھالىڭىزدىن ياخشى خەۋەر ئالاتتىم.

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ قىزچاق غەمكىنلىك بىلەن، — مېنىڭغۇ بەكمۇ قالغۇم بار ئىدى، بىراق بارغانسېرى دېمىم سىقىلىپ بولالمايۋاتىمەن، ئامال بولسا مېنى دەريا ئۈستىگە چىقىرىپ قويسىڭىز، بۇ يەردە ياشاپ قېلىشىم مۇمكىن بولمىسا كېرەك.

— ماقۇل، — دەپتۇ بېلىق قىز، — مەن بۇ يەردە ياشاپ قېلىشىڭىزنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى ئويلىماپتىمەن، مەن سىزنى دەريا ئۈستىگە چىقىرىپ قوياي، بىراق سىز بېلىق ئېلىپ بارمىسىڭىز ئۆگەي ئانىڭىز چوقۇم دەشنەم قىلىدۇ، بېلىق تۇتۇپ بېرەي دېسەم ئۇلار مېنىڭ قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش، ئۇلارنى تۇتۇپ بېرىشكە كۆزۈم قىيمايدۇ، ياخشىسى سىزگە بىر تىزىق مەرۋايىت بېرەي، ئۆگەي ئانىڭىز ئۇنى كۆرسە خۇشال بولۇپ سىزنى ئەيىبلىمەس، لېكىن ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ھېچ كىشىگە مەن توغرۇلۇق گەپ قىلماڭ، بۇ بىر تىزىق مەرۋايىتنى

دەريادىن سۇزۇۋالدىم دېسىڭىزلا بولىدۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ قىزچاق.

بېلىق قىز ئۇنى كۆتۈرۈپ دەريا يۈزىگە ئۆرلەپتۇ، مۇز ئۈستىگە چىقىرىپمۇ قويۇپتۇ، ئاندىن بويىنىدىكى ھەر تېلى ياقۇتتەك چوڭلۇقتىكى بىر تىزىق ئاجايىپ ئېسىل مەرۋايىتنى ئېلىپ بېرىپتۇ. قىزچاق قايتا- قايتا تەشەككۈر ئېيتىپ ئۆيىگە يېنىپتۇ.

ئۇ ئۆيىگە كىرىشى بىلەنلا:

— ۋاي تېخى ئۆلمىدىڭمۇ، — دەپتۇ ئۇگەي ئانا زەردە بىلەن، — قېنى تۇتقان بېلىقىڭ؟

— بېلىق تۇتالمىدىم، — دەپتۇ قىزچاق تىترەپ تۇرۇپ،— بىراق، مۇز ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپ بىر تىزىق مەرۋايىت ئېلىپ چىقتىم.

— قېنى ئۇ مەرۋايىت! — دەپتۇ ئۇگەي ئانا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قىزچاق يانچۇقىدىكى مەرۋايىتنى ئاپتۇ، جۇلالاپ تۇرغان مەرۋايىتلار ئۇگەي ئانىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ، بىراق ئۇ قول سوزۇپ ئېلىۋالغۇچە ئۇنىڭ ئۆز قىزى ئوغرىمۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، مەرۋايىت تىزىقىنى يۇلۇپ ئاپتۇ - دە، — بۇنى مەن ئاسىمەن، — دەپتۇ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ.

— سۇ ئاستىدا بۇ مەرۋايىتلاردىن يەنە بارمىكەن؟ — سوراپتۇ ئاچ كۆز ئۆگەي ئانا.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ قىزچاق، — ئىزدەپ تاپقىنىم پەقەت شۇ بىر تىزىق.

— بۇ ئۆلۈم ياراتمىغان گالۋاڭ مەرۋايىتنىڭ قىممىتىنى

نېمە بىلسۇن، — دەپتۇ ئۇنىڭ ئۆگەي قېرىندىشى چالۋاقاپ، — بىلسە چېلەككە تولدۇرۇپ تېرىۋالاتتى، بەكرەك ئىزدەپ باقاتتى.

— ئۇنداق بولسا سەن بارغىن، ئەقىللىق قىزىم، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا ئۆز قىزىغا، — سەن ئاۋۇ كالۋادەك بىر تىزىقلا مەرۋايىت تېرىپ قايتمايسەن، يوغان بىر چېلەك تېرىۋالىسەن، ئۇ چاغدا مەن ساڭا مەرۋايىت باسقان دوپپا، مەرۋايىت كۆزلۈك ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە قوشلاپ مەرۋايىت مارجانلار قىلىپ بېرىمەن، بايلىقتا تەڭداشسىز، كاتتا ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن بولىمىز، تېخى شاھزادىلەردىن بىرىگە ياتلىق بولۇپ كەلگۈسىدە خانىش بولىسەن.

— ماقۇل ئەمىسە، — دەپتۇ ئۇنىڭ قىزى ئەركىلەپ، — بىر چېلەك مەرۋايىت ئەكەلسەم چوقۇم دېگەنلىرىڭنى قىلىپ بېرىسەن - ھە!

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن، — دەپتۇ ئانىسى، — چېلەكنىلا ئەمەس، قويۇنلىرىڭنى، يانچۇقلىرىڭنىمۇ تولدۇرۇپ كەل.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز قىزى دەريا بويىغا بارىدىغان بوپتۇ، ئانا ئۆز قىزىنى «توڭلاپ قالمىسۇن» دەپ تۈلكە تېرىسى جۇۋا، قىپقىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيدۈرۈپ، بېشىنى يۇڭ رومال بىلەن پۈركەپ يوغان بىر چېلەك تۇتقۇزۇپ يولغا ساپتۇ. ئۆگەي ئانىنىڭ ئاچ كۆز قىزىمۇ مەرۋايىتلار، ئېسىل زىبۇ - زىننەتلەر ۋە كەلگۈسىدە كېلىن بولۇپ بارماقچى بولغان شاھ ئوردىسىنى شېرىن خىياللىرىدا چۈشەكىگەچ دەريا بويىغا مېڭىپ كېتىپتۇ. دەريا بويىغىمۇ

يېتىپتۇ، ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆگەي قېرىندىشى چۈشۈپ كەتكەن يەرنىمۇ تېپىپتۇ، كېيىن قانداق چىقارىنى ئويلىمايلا ئۆزىنى سۇ ئاستىغا ئېتىپتۇ، ياپيېشىل گىياھلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، بېلىقلار قوغلىشىپ يۈرگەن سۇ ئاستى دۇنياسىغا چۈشۈپتۇ، بىراق مەرۋايىت تۈگۈل بىرەر تال ئاق تاشمۇ تاپالماپتۇ، بەلكى دېمى سىقىلىپ تۇرالماپتۇ- دە، چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ، لېكىن قانداق چىقىشنى بىلمەي ئۆزىنى بۇ يەرگە ئەۋەتكەن ئانىسى ۋە «مەرۋايىت تاپتىم» دەپ بارغان ئۆگەي قېرىندىشىنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاشقا، قارغاشقا باشلاپتۇ.

— قىزچاق، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — دېگەن يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ شۇ چاغ ئۇنىڭ كەينىدىن.

— ھېچنېمە، — دەپتۇ قىز كەينىگە بۇرۇلۇپ بېلىق قىزنىڭ ھەم گۈزەل، ھەم غەلىتە سىياقىنى كۆرۈپلا ھولۇقۇپ.

— بۇ يەرگە نېمىشقا چۈشتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ بېلىق قىز يەنە.

— مەرۋايىت ئىزدەپ چۈشكەن، لېكىن بىر تالمۇ تاپالمىدىم، — دەپتۇ قىز، — ھېلىقى دىلى بۇزۇق مېنى ئالداپتۇ.

— ئەخمەق قىز، — دەپتۇ بېلىق قىز، — مەرۋايىتنى دەپلا سۇ ئاستىغا چۈشەمدىغان، ئاچ كۆزلۈك ئادەمنى ھالاكەت يولىغا باشلايدۇ، مەن سىزنى دەريا ئۈستىگە چىقىرىپ قوياي، ئۆيىڭىزگە كېتىۋېلىڭ، بىراق مەن تۇغرۇلۇق ھېچكىمگە تىنماڭ.

— شۇنداق قىلىمەن، شۇنداق قىلىمەن، — دەپتۇ قىز تېزرەك دەريا يۈزىگە چىقىۋېلىش ئۈچۈن.

بېلىق قىز ئۇنىمۇ كۆتۈرۈپ دەريا يۈزىگە، مۇز ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ، ئاندىن:

— نائۈمىد كەتمەڭ، بۇنى سىزگە سوۋغا قىلاي، شەرتىم، ئەمدى قېرىنداشلىرىڭىزغا تىل - دەشنام قىلماڭلار، ياخشىراق مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇ نېمىدېگەن ئوماق، چىرايلىق، لېكىن نېمىدېگەن بىچارە - ھە؟ — دېگىنىچە بېغىشىدىكى بىر تىزىق مەرۋايىت بىلەزۈكنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

ئاچ كۆز قىز:

— ماقۇل، شۇنداق قىلىمىز، — دېگىنىچە مەرۋايىتنى ئېلىپ، رەھمەتمۇ ئېيتماستىن ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ، كېتىۋېتىپ مەرۋايىت تىزىقىنى ئۇچرىغانلا كىشىگە كۆرسىتىپ كۆز - كۆز قىلىپ مېڭىپتۇ.

ئۇنىڭ بىر چېلەك مەرۋايىت ئەكېلەلمىسىمۇ، بىر تىزىق مەرۋايىت ئەكەلگىنىدىن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن ئانىسى:

— ۋاي جېنىم قىزىم، ئەقىللىق قوزام، ئېيتقىنا، بۇ مەرۋايىتلارنى قانداق تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

— قانداق تاپاتتىم، — دەپتۇ قىز جاۋىلداپ، — دەريا بويىغا بېرىپ بىرەر يېرىق ياكى تۆشۈك بارمىكىن دەپ ئىزدەپ يۈرسەم، ئاخىر مۇزلىرى يېڭىلا پارچىلانغان بىر جايغا يەتتىم، شۇ يەردىن سۇ ئاستىغا سەكرەپ قارىسام، پاھ! ئۇنىڭ ئىچى باھاردەك ئىللىق ۋە ياپيېشىل گىياھلار

ئۆسۈپ تۇرغان، بېلىقلار ئويناپ يۈرگەن بىر گۈزەل دۇنيا
ئىكەن، بىرنەچچىسىنى تۇتۇۋالاي دېدىمۇ، لېكىن مەرۋايىت
ئىزدەش بىلەن بولۇپ تۇتالمىدىم، ئۇ يەردە نەدىمۇ
مەرۋايىت بولسۇن، بىر تال ئاق تاشمۇ ئۇچرىمىدى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە نەپەس ئالالمىقىم بارغانسېرى قىيىنلىشىپ زادىلا
بولالمىدىم، قارىماسەن بۇ پېشكەللىكنى، چىقىپ كېتەي
دېسەم قانداق چىقىشنى بىلمىدىم، ئەسلىي ئاۋۇ بۇزۇق
مېنىڭ جېنىمغا قەست قىلىش ئۈچۈن، يالغان - ياۋىداق
گەپ توقۇپ كەلگەنىكەن ئەمەسمۇ، شۇ چاغ يېرىم ئادەم،
يېرىم بېلىق سۈرەتلىك ئاجايىپ بىر مەخلۇق مېنى سۇ
ئۈستىگە چىقىرىپ قويدى، تېخى بۇ بىر تىزىق مەرۋايىتنىمۇ
بەردى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئامان- ئېسەن ئۆيگە كېلە-
ۋالدىم.

— ۋاي تۇزكور بەتبەخ، — دەپ تىللاشقا باشلاپتۇ
ئۆگەي ئانا ئۆگەي قىزىنى لاخشىگىر بىلەن ئۇرۇپ قوغلاپ
يۈرۈپ، — قىزىمنىڭ جېنىغا قەست قىلغۇچى بولدۇڭمۇ؟
ساڭا نېمە يامانلىق قىلغانىدۇق، داداڭدىن قالغان قۇرۇق
ئۆينى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئاش - نان بېرىپ سېنى
باققىنىمىزغا ياندۇرغىنىڭ شۇ بولدىمۇ، ھازىرلا سېنى
جەھەننەمگە ئۇزاتمىسام، ھۇ دوزاخ ئوتىدا كۆيۈپ
كەتكۈر.......

— مەن ھەرگىز يامانلىق ئويلىمىدىم، — دەپتۇ ئۆگەي
قىز ئۆزىنى ئاقلاپ، — يېرىم ئادەم، يېرىم بېلىق كۆرۈنگەن
گۈزەل بېلىق قىز، ئۇ مەرۋايىتنى بېرىپ، مېنى سۇ ئۈستىگە
چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن، ھېچكىمگە ئۆزى ھەققىدە

تىنىماسلىقىمنى تاپىلىغان، شۇڭا مەن......
— ھە، ساڭىمۇ مەرۋايىتلارنى شۇ غەلىتە مەخلۇق بەرگەنىكەن- دە، — دەپتۇ ئۆگەي قېرىنىدىشى.
— شۇنداق، — دەپتۇ ئۆگەي قىز، — ئۇ بەرگەن.
— ئانا، — دەپتۇ ئۆگەي قېرىنىدىشى ئانىسىغا، — بىز ئۇ غەلىتە مەخلۇق توغرىسىدا پادىشاھقا خەۋەر بېرەيلى، ئۇ چوقۇم بىزگە كۆپ ئىنئاملارنى بېرىدۇ.
— شۇنداق قىلايلى ئەقىللىق قىزىم، — دەپتۇ ئانىسى لاخشىگىرنى تاشلاپ، — ھازىرلا بېرىپ خەۋەر قىلايلى.
— ياق! ئۇنداق قىلماڭلار! — دەپتۇ ئۆگەي قىز يالۋۇرۇپ، — ئۇ ھېچكىمگە ئۆزى ھەققىدە تىنىماسلىقنى تاپىلىغان، پادىشاھقا دېسەڭلار بولمايدۇ، بۇ ۋاپاغا جاپا قىلغانلىق ئەمەسمۇ، بىزگە بېلىق قىز بەرگەن مەرۋايىتلارمۇ ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا يارايدىغان زور بايلىق ئەمەسمۇ.
— ساڭا تاپىلاپ دېگەننى ماڭىمۇ تاپىلىغان، — دەپتۇ ئۆگەي قېرىنىدىشى چالۋاقاپ، — لېكىن ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىمىز، ئۇ بىر غەلىتە مەخلۇق، بىزنى نېمە قىلالايتتى، بىز چوقۇم پادىشاھقا ئېيتىپ نۇرغۇن ئىنئام ئالىمىز، بايلىقىمىز تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، سەن تولا كاپىشماي ئۆيگە قاراپ تۇر.
— بولمايدۇ، ئۇنداق قىلماڭلار! — دەپتۇ ئاق كۆڭۈل قىز ئىشىكنى توسۇپ.
بىراق، ئۆگەي ئانا بىلەن ئۆگەي قېرىنىدىشى ئۇنى بىر يانغا ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئاق كۆڭۈل قىز يىغلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

ئۇ شۇنداق ئولتۇرۇپ بىردىنلا:

«بۇ ئەھۋالنى بىلىق قىزغا خەۋەر قىلىپ قويايچۇ، ئۇ باشقا تەرەپكە قېچىپ كەتسۇن، پادىشاھنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالمىسۇن» دەپتۇ ئۆز - ئۆزىگە.

شۇ ئوي بىلەن ئۇ ئۆيىدىن چىقىپتۇ ، ھۆۋلاپ تۇرغان قار - شىۋىرغانلىق ئاچچىق شامالغىمۇ قارىماي،ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ دەريا بويىغا بېرىپتۇ، كۆزلىگەن جايغىمۇ يېتىپتۇ، ئىككىلەنمەستىن سۇ ئاستىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بىلىق قىزنى ئىزدەپتۇ.

شۇ چاغ بىلىق قىزمۇ ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ يېتىپ كېلىپ سوراپتۇ:

— قىزچاق، يەنە نېمىشقا دەريا ئاستىغا چۈشتىڭىز؟

— تېز بۇ يەردىن كېتىڭ، — دەپتۇ بىلىق قىز ئۇنىڭغا،— ئۆگەي ئانام بىلەن ئۆگەي قېرىندىشىم سىزنى پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ، ئىنئام ئالغىلى كەتتى، پادىشاھ ئۇقسا چوقۇم سىزنى تۇتقىلى كېلىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ بىلىق قىز،— مەن ھازىرلا كېتىمەن، ئۇلار مېنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. بىراق سىزمۇ ئۆگەي ئانىڭىزدىن ھەزەر ئەيلەڭ، ئۇ سىزگە زىيانكەشلىك قىلىشى ياكى پادىشاھ مېنى تاپالمىسا بۇنى سىزدىن كۆرۈپ، جازاغا تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن، بولسا يىراقلارغا كېتىڭ.

— شۇنداق قىلاي، — دەپتۇ قىزچاق، — بىراق نەگىمۇ بارارمەن، قانداق تۇرمۇش كەچۈرەرمەن.

— قايغۇرماڭ ، — دەپتۇ بىلىق قىز تەسەللى بېرىپ، — سىزگە بىر تال مەرۋايىت بېرەي، ئۇ بىر ئۆمۈر خەجلىسىڭىزمۇ

يېتىپ يەنە نۇرغۇن ئېشىپ قالغۇدەك كۆپ پۇلغا يارايدۇ، تۇرمۇشتىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ سۇمبۇل چاچلىرىنى باسۇرۇپ تۇرغان ئالتۇن تاجىسىدىكى ئالمىدەك چوڭلۇقتىكى ئاجايىپ نۇرلۇق-جۇلالىق بىر تال ئېسىل مەرۋايىتنى ئېلىپ بېرىپتۇ-دە، ئاندىن قىزچاقنى دەريا يۈزىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ، ئاق كۆڭۈل قىز ئۇنىڭغا تەشەككۈرلەر ئېيتىپ خوشلىشىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ، بېلىق قىزمۇ سۇ ئاستىغا چۆكۈپ، سۇ ئېقىنىنى بويلاپ يۈرۈپ، دېڭىز تەرەپكە كېتىپتۇ.

بۇ چاغدا پادىشاھ ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى ئالدىغا سېلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن ئونمىڭ ئىشلەمچىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىغا كېلىۋاتقانىكەن.

ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇنىڭ قىزى كاتتا ئىنئام تەمەسىدە، ئۇلارنى دەريانىڭ بېلىق قىز ماكانلاشقان يېرىگە باشلاپ كەپتۇ، پادىشاھ لەشكەرلىرى ۋە ئىشلەمچىلەرگە ناھايىتى ئۇزۇن ئارىلىق قالدۇرۇپ دەريانى ئىككى تەرىپىدىن بوغۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ئۇلار پەرماننى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ئۆگەي ئانىنىڭ قىزىنى:

— ئالدى بىلەن ئادەم بېلىقنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلىپ چىقسۇن، — دەپ سۇغا تاشلاپتۇ.

ئۇلار كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، كۆپ ۋاقىت كۈتۈپتۇ، ئۆگەي ئانىنىڭ قىزى چىقماپتۇ، ئۆگەي ئانا قىزىنىڭ قايغۇسىدا تېپىرلاپ قاپتۇ. تاقەتسىزلەنگەن پادىشاھ ئاخىر ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىپتۇ:

— سەنمۇ چۈشۈپ باق، قىزىڭ نېمىشقا چىقماپتۇ،

تېزرەك خەۋىرىنى ئېلىپ چىق، غەلىتە مەخلۇقنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىپ چىق، بولمىسا سەنمۇ شۇ يەردە مەڭگۈلۈك ماكان تۇتۇپ قال.

— ۋاي ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا دەرھال پۇكلىنىپ يالۋۇرۇپ، — قىرى جىنىمغا رەھىم قىلسىلا، قىزىم ھېلى چىقىپ قالار، بولمىسا ئۆگەي قىزىمنى چاقىرتىپ كېلىپ سۇغا تاشلايلى، بۇ خەۋەرنى دەسلەپ شۇ ئەكەلگەن، ئۇ چوقۇم غەلىتە مەخلۇقنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىدۇ.

پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭ ئۆگەي قىزىنى ئېلىپ كېلىشكە تۆت ياساۋۇلنى ئەۋەتىپتۇ، لېكىن ياساۋۇللار ئۆگەي قىزنى تاپالماي قايتىپ كەپتۇ.

سەۋر قاچىسى يېرىلغان پادىشاھ:

— بۇ خوتۇننى دەرھال دەرياغا تاشلاڭلار، — دەپ توۋلاپتۇ:

ياساۋۇللار ئۆگەي ئانىنى داد - پەريادىغا قارىماي دەرياغا تاشلاپتۇ، ئۇمۇ شۇ تاشلانغىنىچە زادىلا قايتىپ چىقماپتۇ.

كۈتۈۋېرىپ زېرىككەن پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ:

— مۇزلارنى چوقۇپ - پارچىلاپ قىرغاققا ئاچىقىپ، سۇ يۈزىنى ئېچىڭلار!

لەشكەرلەر ۋە ئىشلەمچىلەر تەڭلا تۇتۇش قىلىپ مۇزلارنى پارچىلاپ، قىرغاققا تارتىپ چىقىپتۇ، ئەينەكتەك سۈپسۈزۈك دەريا يۈزى ئايان بوپتۇ، بىراق دەريادا بېلىق قىز تۇگۇل بىرەر تال ئادەتتىكى بېلىقمۇ كۆرۈنمەپتۇ، پەقەت ئاچ

كۆز ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇنىڭ ۋاپاسىز قىزىنىڭ تولۇپ كۆكىرىپ كەتكەن جەسەتلىرى لەيلەپ چىقىپتۇ، سۇ ئەمدى مۇزدىنمۇ سوغۇق هالەتكە كېلىپ قالغانىكەن.

قەهر- غەزەپكە كەلگەن پادىشاھ بۇ ئىككى جەسەتنى سۆرۈۋېلىپ، پادىشاهنى ئالداش كويىدا بولغانلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن توققۇز كۈن سازايى قىلىپ، شەهەر دەرۋازىسىغا ئېسىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ئاندىن دەريانىڭ بوغۇلغان يەرلىرىنى ئاچقۇزۇۋېتىپ لەشكەرلەرنى شەهەرگە قايتۇرۇپ كېتىپتۇ، پادىشاھ شۇ كۈنى دەريا بويىدا ئۆزىگە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغانلىقى ۋە ئىشلەمچىلەرگە، لەشكەرلەرگە سەرپ قىلغان نۇرغۇن خىراجەتنىڭ ئەلىمىدە كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.

ئەمدى ئاق كۆڭۈل قىزغا كەلسەك، ئۇ دەريا بويىدىن قايتىپ، بېشى قايغان- پۇتى تايغان تەرەپلەرگە كەتمەكچىمۇ بوپتۇ، لېكىن يەنە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت - ماكانى ۋە ئۆيىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي مەھەللىسىگە يېنىپتۇ، ئەمما بىلىق قىزنىڭ تاپىلغانلىرىنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۆزىنى هوشيار تۇتۇپتۇ، پادىشاھ ئۆگەي ئانىنىڭ سۆزى بىلەن ئۇنى تۇتۇپ كېلىشكە ياساۋۇللىرىنى ئەۋەتكەندە، ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى پىنهانغا ئېلىپ، ئۇلار كەتكەندىن كېيىنلا ئۆيگە كىرىپتۇ، كۆپ ئۆتمەي ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنىڭ ئاقىۋىتى مەھەللىگە، پۈتۈن يېزىغا پۇركېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكىدىن خەۋەردار كۆپچىلىك:

— خوپ بوپتۇ، — دېيىشىپلا قاپتۇ، ئۇلاردىن قۇتۇلغان

قىزچاق ئەمدى يەككە - يېگانە ياشاشقا باشلاپتۇ.
ئاق كۆڭۈل قىز شۇنداق قىلىپ، يېگانە قاپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ئۆيى پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى تەرىپىدىن قورۇقدىلىپ قالغاچقا، كۆڭلىرى موھتاجلىقتا قاپتۇ، مەھەللىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنماقچى بولۇشۇپتۇ - يۇ، لېكىن ھەممىسى نامرات بولغاچقا، قورقىپ يەتمەپتۇ، ھەممە ئۇنى «شاھزادىلەرگىلا مۇناسىپ گۈزەل قىز» دەپ تەرىپلىشىدىكەنۇ، لېكىن يىگىتلەردىن ھېچبىرى ئۇنىڭغا تەلەپ قويماپتۇ، چۈنكى قىز ھۆسىن - جامالى تاڭ قۇياشىدىنمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەك چىرايلىق ئىكەنۇ، لېكىن شامال چىقسا ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك زىلۋا - نازۇك ۋە ئاجىز ئىكەن، بىر چېلەك سۇنىمۇ كۆتۈرۈپ ماڭالمايدىكەن، بۇنداق قىزلار ئەلۋەتتە نامرات ۋە قوپال راق كەلگەن يىرا يىگىتلىرىگە مۇۋاپىق ھەمراھ بولالمايدۇ - دە.
بىر كۈنى قوشنا موماي ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:
— چىرايلىق قىزىم، بۇ يەردە موھتاجلىقتا قىينىلىپ يۈرگۈچە شەھەرگە بارغىن، شاھزادە كۆرۈپلا قالسا گۈزەل ھۆسنۈڭگە ئاشىق بولۇپ ئەمرىگە ئېلىشى چوقۇم، ئۇنىڭ مەلىكىسى بولساڭ تۇرمۇشتا غېمىڭ بولمايدۇ، شاھزادە گۈزەل قىز بولسىلا خۇشاللىق بىلەن ئەمرىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بەرسەم بولاتتى دېيىشىڭ ھاجەتسىز، بىزنىڭ يىگىتلەرگە ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ئىش - ئەمگەكتە ياردەمچى بولالايدىغان، ئاز- تولا كۈچى بار خوتۇن بولمىسا بولمايدۇ، بۇ يەردە يۈرۈۋەرسەڭ كېيىنلىكىڭ ياخشى بولمايدۇ.

باھار ئاپتىپى جاھاننى ئىللىتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاق كۆڭۈل قىز مومايىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، كەلگۈسىگە بولغان شېرىن ئۈمىد - ئىستەكلەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ، قولۇم -قوشنىلىرى بولسا يولدا يېيىش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە يېمەكلىكلەرنى يوللۇق تۇتقاندىن كېيىن ئاقىۋل تىلەپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

قىزچاق كېتىۋېتىپ ھېلىلا ئۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرغان بىر قىيسىق كەپىگە يولۇقۇپتۇ، كەپە ئەتراپى رەڭمۇرەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بىر گۈلزارلىق ئىكەن، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى كىشىنى مەستخۇش قىلىدىكەن.

— پاھ! — دەپتۇ قىزچاق گۈللەرگە قاراپ، — نېمىدېگەن چىرايلىق گۈللەر -ھە!؟ خۇشبۇيلۇقىچۇ تېخى، بىرەر تال ئۈزۈۋالسام، يول بويى پۇراپ ماڭسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى.

ئۇ شۇنداق دەپ ھەۋىسىنى باسالماي گۈل ئۈزمەككە قول سوزۇپتۇ ، بىراق يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— بۇ گۈللەرنىڭ تېرىپ ئۆستۈرگەن ئىگىسى باردۇر ، سورىمايلا ئۈزۈپ كەتسەم ئۇ چوقۇم رەنجىپ قالىدۇ، بەك قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ، — دەپتۇ - دە، كەپە ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن ئىشىك قېقىپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئىشىك ئاچماپتۇ، ھەتتا بىرەر تىۋىشمۇ چىقماپتۇ.

قىزچاق مەيۈسلەنگەن بولسىمۇ يەنە:

— ھېچقىسى يوق، ئىگىسى بىر يەرگە كەتكەن بولسا كېرەك، بىردەم كۈتۈپ تۇراي، — دەپتۇ - دە، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئىجازەتسىز ئۆيگە ئۈسۈپ كىرىشنى راۋا

كۆرمەيتۇ.
ساقلاپتۇ، ساقلاپتۇ، كۈن چۈش بولغۇچە ساقلاپتۇ، لېكىن كەپە ئىگىسىدىن دېرەك بولماپتۇ.
«كەپە ئىگىسى كەچتە قايتىپ كەلسە كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ قىزچاق.
«كەچكىچە ساقلايمەن دېسەم بۈگۈن شەھەرگە يېتەلمەيمەن، ياخشىسى گۈلنىڭ مەرىدىن كېچىپ يولۇمغا مېڭىۋېرەي» دەپ ئويلاپتۇ يەنە.
شۇ ئوي بىلەن ئۇ ئەمدىلا نەچچە قەدەم مېڭىشىغا، تۇيۇقسىز ئالدىدىن بىر ئاق قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئاپپاق لېچەكلىك، ئاپپاق چاچلىق، يۈزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلغان، چوقاتماق ھاسىغا تايىنىۋالغان بىر موماي ھازىر بولۇپ:
— توختا، ئوماق قىزىم، گۈل ھەۋىسى بىلەن كېلىپ، ئۇنى ئۈزمەي ماڭساڭ قانداق بولغىنى، — دەپتۇ ئۇنىڭغا.
— ئىجازەتسىز گۈل ئۈزۈشكە قولۇم بارمىدى، — دەپتۇ قىز سەل قورۇنۇپقىنا.
— ئەدەپلىك ھەم ئاق كۆڭۈل، ياخشى قىز ئىكەن-سەن،— دەپتۇ موماي كۈلۈمسىرەپ، — ماڭا ئىسمىڭنى ئېيتىپ بەرچۇ؟
— ئىسمىم رەھىمە، — دەپتۇ قىزچاق جاۋاب بېرىپ،— ئاتا- ئانىسىز يېتىم قىزمەن.
— چىرايلىق قىزىم رەھىمە، — دەپتۇ موماي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، — ئەمدى ساڭا گۈل ئۈزۈشكە رۇخسەت، رۇخسىتىمسىز ئۈزگەن بولساڭ چوقۇم يېشكەللىككە ئۇچرايتتىڭ، چۈنكى مەن بىر سېھىرگەر، بۇ گۈللەرمۇ

خىسلەتلىك گۈللەر، خىلىدىن بىرى سىنى كۆزىتىپ، دىگەنلىرىڭنى ئاڭلاپ، قىلغانلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرغانىدىم، ئەمدى بىمالال ئۈزۈۋەرگىن.

— رەھمەت موما، — دەپتۇ رەھىمە، — خىسلەتلىك گۈل بولسا ئۈزۈۋەتمەي.

— ھىچقىسى يوق، — دەپتۇ موماي، — سىنى ئۆز قىزىمدەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم، شۇڭا بىر تال خىسلەتلىك گۈل بىرەي دەيمەن، ئۇ گۈل سىنىڭ تىلىكىڭنى راۋا قىلىدۇ، بىراق ئىسىڭدە بولسۇنكى قانچە تال گۈل بەرگى بولسا شۇنچە قىتىم تىلىكىڭنى ئورۇنلايدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا بىرتال گۈل ئۈزۈپ بىرىپتۇ، بۇ گۈل بەش تال گۈل بەرگى بار ئالتۇن رەڭلىك لالە گۈل ئىكەن.

— رەھمەت موما، — دەپ مومايغا قايتا ـ قايتىلاپ تەشەككۈر ئىيتىپ، ئاندىن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ قىزچاق.

ئۇ مىڭىپتۇ، مىڭىپتۇ، بىر چاغلاردا ئالدىغا بىر ئىيىق ئۇچراپتۇ.

— قىزچاق، نەگە ماڭىدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئىيىق ئۇنىڭدىن.

بارماقچىمەن شەھەرگە،
شاھزادىگە تىگىشكە،
يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ،
بەخت پەيزىن سۈرۈشكە.

دەپ قوشاق ئىيتىپتۇ رەھىمە جاۋابەن.

تېگەلمەيسەن ئەخمەق قىز،
چۈشۈڭدىمۇ سەن ئەرگە.
ياخشىسى تېز كىرىپ كەت،
ئاغزىم دېگەن شەھەرگە.

ياۋۇز ئېيىق شۇنداق دەپ ھۆركىرىگىنىچە رەھىمەگە ئېتىلىپتۇ، رەھىمە بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ قېچىۋېتىپ، لالە گۈلنىڭ بىر تال بەرگىنى ئۈزۈۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

شۇ ئېيىقنىڭ پۇتىغا،
تىكەن بولۇپ قادالغىن.
ناكار بولۇپ ئۇ پۇتلار،
قوغلىمىسۇن ئارقامدىن .

شۇ ھامان گۈل بەرگى تىكەن بولۇپ ئېيىقنىڭ تاپىنىغا سانجىلىپ قاپتۇ، ئېيىق ئاغرىققا چىدىماي ھۆركىرەپ يىقىلىپ قاپتۇ، رەھىمە ئۆز يولىنى خاتىرجەم داۋام قىپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا بىر يول توسار قاراقچى ئالدىنى توسۇپ سوراپتۇ:

— قىزچاق، نەگە ماڭدىڭىز ؟

بارماقچىمەن شەھەرگە،
شاھزادىگە تېگىشكە.

يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ،
بەخت پەيزىن سۈرۈشكە.

دەپتۇ رەھىمە قورۇنۇپقىنە. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قاراقچى شۇملۇق بىلەن مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

تىگەلمەيسەن ئەخمەق قىز،
شاھزادىگە ھېچقاچان.
مەن قاراقچى ئاكاڭغا،
مالاي بولغىن بىر زامان.

دەپتۇ - دە، رەھىمەنى تۇتۇش ئۈچۈن ئىتىلىپ كەپتۇ. رەھىمە بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ قېچىپتۇ، قاراقچى قوغلاپ يېتىۋالاي دېگەندە ئامالسىز يەنە بىر تال گۈل بەرگىنى ئۈزۈۋېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

قاراقچىنىڭ پۇتىغا،
كىشەن بولۇپ سىلىنغىن.
يۈگۈرەلمەي ئۇ پۇتلار،
قوغلىمىسۇن ئارقامدىن .

شۇ ھامان گۈل بەرگى ئۇچۇپ بېرىپ قاراقچىنىڭ پۇت بېغىشلىرىغا تۆمۈر كىشەن بولۇپ سىلىنىپتۇ، قاراقچى ئەمدى رەھىمەنى قوغلىيالماي تاش بىلەن پۇتلىرىدىكى كىشەننى ئۇرۇپ - چېقىشقا ئۇرۇنۇپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ، رەھىمە يولىغا راۋان

بوپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا كۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن ئاجايىپ زور بىر ۋەھشىي بۈركۈت تۆۋەنلەپ چۈشۈپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قىزچاق، نەگە ماڭدىڭىز؟

بارماقچىمەن شەھەرگە،
شاھزادىگە تېگىشكە.
يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ،
بەخت پەيزىن سۈرۈشكە،

دەپتۇ رەھىمە جاۋابەن. بۇنى ئاڭلىغان بۈركۈت:

تېگەلمەيسەن ئەخمەق قىز،
شاھزادىگە ئەمدى سەن.
ئۇلجا قىلىپ ئەكىتەي
ئوزۇقلۇقۇم بولغىنسەن.

دېگىنىچە رەھىمەنى تۇتۇش ئۈچۈن ئوقتەك شۇڭغۇپ ئۇچۇپ كەپتۇ. رەھىمە ئالدىراپ- تېنەپ بىر تال گۈل بەرگىنى ئۈزۈپلا مۇنداق دەپتۇ:

قاناتلىرىدىن بۈركۈتنىڭ،
بوغقۇچلىغىن ئۇچمىسۇن.

مەن بىچارە يېتىمنى،
ئوزۇقۇم دەپ يۈرمىسۇن.

شۇ ھامان گۈل بەرگى غايىب بولۇپ بۈركۈت قاناتلىرى بوغقۇچلىنىپتۇ، بۈركۈت پالاققىدە يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، رەھىمە خاتىرجەم يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ يەنە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا بىر كىچىك دەرياغا يولۇقۇپتۇ، دەريادىن يىرتىق كەشىنى ئاياپ يالاڭئاياغ كېچىپ ئۆتمەك بوپتۇ، چۈنكى دەريا سۈيى بەكمۇ تېيىز ئىكەن.

— قىزچاق، نەگە ماڭدىڭىز؟ — دېگەن سادا كەپتۇ شۇ چاغ دەريادىن.

بارماقچىمەن شەھەرگە ،
شاھزادىگە تېگىشكە .
يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ ،
بەخت پەيزىن سۈرۈشكە ،

دەپتۇ رەھىمە جاۋابەن.

— ھا ـ ھا ـ ھا!...... كۈلۈپ كېتىپتۇ كىچىك دەريا، ئاندىن ئۇ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، دولقۇنلاپ ئېقىپ مۇنداق شاۋقۇن ساپتۇ:

تېگەلمەيسەن ئەخمەق قىز،
شاھزادىگە سەن پەقەت.
ئەكتىمەن ئېقتىپ،
ماڭا ھەمراھ بول ئەبەت.

رەھىمە قورقۇپ كېتىپ دەرھال بىر تال گۈل بەرگىنى ئۈزۈپتۇ - دە، مۇنداق دەپتۇ:

ئالتۇن رەڭلىك گۈل بەرگىم،
دەريا سۈيىن توسقىنا.
ئېقىپ يۈرگۈم يوق مېنىڭ،
ئۆتۈۋالاي تېچقىنا.

شۇ ھامان كىچىك دەريا قىنىدا بىر تۇغان ھاسىل بولۇپ، دەريا سۈيى توسۇلۇپ ئىككى قېشىغا تاشالماي ياكى ئارتىلىپ ئاقالماي ئاسمان - پەلەك ئۆرلەپتۇ، رەھىمە بولسا قۇرۇپ قالغان ئېقىندىن ئۆتۈپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، شەھەرگىمۇ يېتىپتۇ، شەھەر دەرۋازىسىغا چاپلانغان شاھزادە ئۈچۈن قىز تاللاش ئېلانىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ، ئىزدەپ- سوراپ ئوردا ئالدىغا بېرىپتۇ، لېكىن ئۇ يەردە مىغىلداپ يۈرگەن ئادەم توپى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا ھازىر بولغان تاۋار - دۇردۇن، كىمخاب - زەرباب كىيىملەرگە پۈركىنىپ، ئالتۇن- كۈمۈش، گۆھەر- ياقۇت، زىبۇ - زىننەتلىرىنى جىرىڭلىتىپ يۈرگەن يۈزلىگەن گۈزەل ۋە ئېسىلزادە قىزلارنى كۆرۈپتۇ، بۇلار ھەممىسى قەددى - قامىتى ئاجايىپ كېلىشكەن ۋە چىرايلىق شاھزادە ئەكبەرگە جۈپ بولۇش تەمەسىدە يىغىلغانلار ئىكەن.

رەھىمە ئۆزىنىڭ بىچارە ھالىتىگە قاراپلا بۇ يەردە، ئۆزىنى گۈللەر ئارىسىغا قوشۇلۇپ قالغان شۇمبۇيىدەك ھېس

قىپتۇ - دە، ئۇمىدسىزلىنىپ ئارقىسىغا ياندماقچى بوپتۇ، بىراق يەنە قولىدىكى ئاخىرقى بىر تال گۈل بەرگى قالغان ئالتۇن رەڭلىك لالە گۈلگە قاراپ قەلبىدە قايتىدىن ئىشەنچ پەيدا بوپتۇ - دە، ئاخىرقى تىلىكىنى ئېيتماقچى، گۈل بەرگىنىڭ خاسىيىتى بىلەن تىلىكىگە يەتمەكچى بوپتۇ.

لېكىن، دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈتىغا تىكەن سانجىلغان ئېيىق، كىشەنلەنگەن قاراقچى، قانىتى بوغقۇچلانغان بۈركۈت ۋە يولى توسۇلغان كىچىك دەريالار زاھىر بولۇپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ئاھ ! ئاق كۆڭۈل قىز، ئاپپاق قىز، بىزنى قۇتقۇزۇڭ، ئەمدى ھەرگىز ھېچكىمگە يامانلىق قىلمايمىز، ئاشۇ ئاخىرقى بىر تال گۈل بەرگىنى بىزگە بېغىشلاڭ.

— باشقا بىر ئامال تېپىپ ئۈزۈڭلارنى قۇتقۇزساڭلارچۇ،— دەپتۇ رەھىمە مۇلايىملىق بىلەن، — مېنىڭ تىلىكىم ئەمدى شۇ بىر تال گۈل بەرگىنىڭ خاسىيىتى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدۇ، ئۇنى سىلەرگە بېغىشلىسام مەڭگۇ يېتىم، يېگانە، بىچارە ھالەتتە قالىمەن، موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇپ بەختكە ئېرىشەلمەيمەن.

— ئوبدان قىز، رەھىم قىلىڭ، — دەپتۇ ئېيىق يەنە يېلىنىپ، — ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپىنىمدىكى تىكەننى ئېلىۋەتكىلى بولمىدى، بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— ئوبدان قىزىم، رەھىم قىلىڭ،— دەپتۇ قاراقچىمۇ،— ھەرقانچە تەدبىر قىلساممۇ بۇ كىشەننى چېقىۋېتەلمىدىم، يول ماڭالماي قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— ئوبدان قىز، رەھىم قىلىڭ، — دەپتۇ بۈركۈتمۇ، —

ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ قانىتىمدىكى بوغقۇچنى يېشىۋېتەلمىدىم، ئۇچالماي بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— ئوبدان قىزىم، رەھىم قىلىڭ، — دەپتۇ دەريامۇ شاۋقۇنلاپ، — ھەرقانچە كۈچەپمۇ توغاننى بۇزۇۋېتەلمىدىم، ئۆز يولۇمغا راۋان ئاقالماي بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— ۋاي بىچارىلەر، — دەپتۇ رەھىمە ئەمدى ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، — مانا ھازىرلا سىلەرنى ئازابتىن خالاس قىلاي.

ئۇ ئاخىرقى بىر تال گۈل بەرگىگە قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

ئېيىق پۇتى ساقايسۇن،
كىشەنلەرمۇ چېقىلسۇن،
بوغقۇچلارمۇ يېشىلسۇن،
توغانمۇ تېز يوق بولسۇن،
ھەممە غەمدىن خالاس بوپ،
كۆڭلى شادلىققا تولسۇن.

شۇ ھامان ئېيىقنىڭ تاپىنىدىكى تىكەن غايىب بولۇپ، يارىسى ساقىيىپتۇ ، قاراقچىنىڭ پۇتلىرىدىكى كىشەن يوقىلىپ، بۈركۈت قانىتىدىكى بوغقۇچلارمۇ يېشىلىپ، دەريا قىنىدىكى توغان كۆزدىن يىتىپتۇ، ئۇلار رەھمەت - تەشەككۈرلەر ئېيتقىنىچە رەھىمەنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىب بوپتۇ.

رەھىمە ئەمدى ئۇلارنى دەردتىن خالاس قىلغانلىقىدىكى خۇشاللىقى، ئۆز ھالىغا بولغان غەم - قايغۇسى ئىچىدە ئاستاغىنە كەينىگە يېنىپتۇ، بىراق كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇنى

كەيىندىن بىرى قوغلاپ كەپتۇ، قارىسا ئۇ مۇشۇ ئەلنىڭ شاھزادىسى ئەكبەر ئىكەن.

— توختاڭ قىزچاق، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — مەن جاھاننامە ئەيىنىكىدىن بايىقى ئىشلارنى كۆردۈم، بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدىم، سىز ھەم چىرايلىق، ھەم ئاق كۆڭۈل، باغرى يۇمشاق ياخشى قىز ئىكەنسىز، مەن دەل شۇنداق قىز بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، سىز بۇنى خالامسىز.

رەھىمە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىرھازا ئۆز قۇلاقلىرىغىمۇ ئىشەنمىگەندەك تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ - دە، ئاخىر خۇشاللىق ۋە خىجىللىق تۇيغۇلىرى ئىلكىدە:

— خالايمەن، — دەپتۇ بوش ئاۋازدا.

شاھزادە ئەكبەر ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ، چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ، ئادەملەر توپى بولسا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن ھالەتتە ھەيرانلىق، تېڭىرقاش ئىچىدە قارىشىپ قاپتۇ.

ئوردا راۋىقىدا ئۇغلىنىڭ بىر جۇلدۇر كىيىملىك قىزنى يېتىلەپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن خانىش بولسا قەھر بىلەن ئالدىدىكى جانان پىيالىنى بىر ئېتىپلا جاھاننامە ئەيىنىكىنى چېقىپ تاشلاپتۇ - دە:

— ئاشۇ بىر بۇلۇڭدا كۆزگە كۆرۈنمەي قالغان جۇلدۇر كىيەننى ئوغلۇمغا كۆرسەتكەن كاساپەت مۇشۇ، ۋاي دەردىمەي! ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن كۆرگەن - بىلگەنلەرگە ئۇ جىن تەگكۈرنى كېلىنىم دەپ كۆرسىتەرمەن!..... — دەپ چالۋاقىغىنىچە ئۆز قەسرىگە

يېنىپتۇ، پادىشاھمۇ شاھزادىدىن رەنجىپ قاپتۇ، بىراق رەھىمە ئەتىۋارلىق مەرۋايىتنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭ قىممىتى خەزىنىدىكى پۈتكۈل بايلىق قىممىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى سېزىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپلا كېتىپتۇ، ئۇ خانىشنىڭ قارشى تۇرغىنىغا قارىماي ئۈچ كېچە - كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ شاھزادە ئەكبەر بىلەن رەھىمەنىڭ نىكاھىنى ئوقۇتۇپ بەختلىك بىر جۈپلەردىن بولۇشقا تىلەكداشلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە يېڭى كېلىنى رەھىمەنى مەلىكە دەپ جاكارلاپتۇ.

تويمۇ تۈگەپتۇ، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا شاھزادە ئەكبەر رەھىمەنىڭ ھەققەتەن چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈشكە، ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇشقا مۇناسىپلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىپتۇ، كۆڭۈل رىشتىسى كۈنسېرى چىڭىپ بېرىپتۇ. شۇڭا، رەھىمە بەكمۇ بەختلىك بولۇشى كېرەك ئىكەن، ئەپسۇس، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولماپتۇ، چۈنكى ئۇ ئاجايىپ گۈزەللىكى ۋە ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن بارچە ئوردا ئەھلىنىڭ ھۆرمىتىگە، ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بوپتۇ - يۇ، لېكىن بىر خانىشلا ئۇنى:

— تېگى پەس، نامرات بىر يېتىمەكنىڭ شاھزادە ئوغلۇمغا كېنىزەك بولۇش سالاھىيىتىمۇ يوق، — دەپ قاراپ يامان كۆرۈشى تۈپەيلىدىن بەخت چىنىسىگە دەز كېتىپتۇ، خانىش ھامان ئۇنى بىر ئامال قىلىپ كۆزدىن يوقىتىش كويىدىلا يۈرىدىكەن، ھەدېسلا كەمسىتىپ، دېدەكلىرى ئالدىدا ھاقارەتلەيدىكەن، ئازار بېرىدىكەن، بىچارە رەھىمە بولسا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى

شاھزادىگە بىر ئىغىز تىنىپمۇ قويمايدىكەن، ئامال بار خانىشنىڭ كۆزىدىن نېرى يۈرىدىكەن.

بەنە بىر قەھرىتان قىش پەسلى يېتىپ كەپتۇ، دەل شۇ چاغدا شاھزادە ئەكبەر يىراق بىر ئەلگە زىيارەتكە مېڭىپتۇ، رەھىمە بىللە بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق شاھزادە ئۇنىڭ يول ئازابىغا قېلىشنى خالىماي سىلىققىنا رەت قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، رەھىمە ئەمدى ئوردىدا يۆلەنچۈكسىز يېگانە قاپتۇ.

بۇنى پۇرسەت بىلگەن خانىش رەھىمەنى دەرھال سوغۇق بىر ھۇجرىغا قوغلاپ چىقىرىپتۇ، ئوت يېقىشقا يول قويماپتۇ، تېخى يېمەك - ئىچمەكنىمۇ قىسقاپتۇ، بىراق تەڭرىنىڭ ھىممىتى بىلەن رەھىمە خانىش ئويلىغاندەك مۇزلاپ قالماپتۇ، گۈزەل ھۆسنى بىلەن ئوردا ئىچىنى نۇرلاندۇرۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ.

بۇنىڭدىن ئىچى تىت - تىت بولۇپ ئارامسىزلانغان خانىش ئاخىر بىر كۈنى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ - دە:

— ھەي يېتىمەك، — دەپتۇ قەھر بىلەن، — ئوردىدا بىكار نان يەپ يېتىۋەرمەي، ئورمانلىققا بېرىپ ماڭا بىر سېۋەت بۆلجۈرگەن تېرىپ ئەكىلىپ بەر، ئەكىلەلمىسەڭ ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما، سەلتەنەتلىك ئوردىمىزنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ دەسسىگۈچى بولما.

بۇ قار - شىۋىرغان ھۇۋلاپ تۇرغان قاتتىق سوغۇق بولغان بىر كۈن ئىكەن، بۇنداق چاغدا ئورمانلىقتىن بۆلجۈرگەن ئەمەس، بىر تال ياۋا مېۋە قېقى تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، بۇ ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، بىراق خانىش

رەھىمەنى ئۆردىدىن قوغلىۋېتىش ئۈچۈن، قەستەن ئۇنى شۇنداق مۇمكىنچىلىكى يوق بىر ئىشقا بۇيرۇپتۇ.

رەھىمە «ياق» دېيىشكە پېتىنالماي كۆزلىرى نەملىك، دىلى غەملىك بىر ھالەتتە ئۆردىدىن چىقىپتۇ، خانىش ئۇنىڭغا بىر چىغ سېۋەتتىن باشقا ھېچنېمە بەرمەپتۇ.

— قانداق قىلغىنىم ياخشىدۇ؟ — دەپتۇ رەھىمە ئۆز - ئۆزىگە .

سېۋەتنى تاشلاپ باشقا تەرەپكە بېشىنى ئېلىپ كېتەي دېسە كەتكۈسى كەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇمۇ شاھزادە ئەكبەرنى بەكلا ياخشى كۆرىدىكەن، كەتسە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقى ئېنىقلا ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئاخىر قىلچە ئۈمىد بولمىسىمۇ ئورمانلىققا بىر بېرىپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ - دە، شۇ تەرەپكە راۋان بوپتۇ.

ئۇ ئورمانلىققمۇ يېتىپ كەپتۇ، قوللىرى مۇزلاپ سەزمەس بولۇپ قالغۇچە قار ئاستىنى ئاختۇرۇپتۇ، بىراق ھېچنېمە تاپالماپتۇ، ئۆزىمۇ توڭلاپ كەتكىنىدىن تاياقتەك قېتىپ قالايلا دەپ قاپتۇ، كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك ياشلىرى يەرگە مۇز بولۇپ چۈشۈپتۇ.

«ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟» ئۇ ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويۇپ تېڭىرقاپ تۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز بىر بۇركۈت ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر دەرەخ كۆتىكىگە قونۇپتۇ، بۇ يول ئۈستىدە رەھىمەنى تۇتۇپ كەتمەكچى بولۇپ قاناتلىرى بوغقۇچلانغان، كېيىن رەھىمەنىڭ تىلىكى بىلەن يەنە بوغقۇچلىرى يېشىلىپ، بۇ غەمدىن خالاس بولغان ھېلىقى بۇركۈت ئىكەن.

— بىچارە قىز، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — سوراپتۇ بۈركۈت.

— خانىش ماڭا بۆلجۈرگەن تېرىپ كېلىشنى تاپشۇرغانىدى، بىر تالمۇ تاپالماي قانداق قىلسام بولار دەپ بېشىم قېتىپ تۇرىمەن، — دەپتۇ رەھىمە مەيۈسلىك بىلەن.

— ۋاي ھاماقەت قىز، — دەپتۇ بۈركۈت، — بەتنىيەت خانىشنىڭ بۇيرۇقنى ئورۇنلايمەن دېگۈچە، ئىسسىققىنە ئۆيىڭىزدە جىم ئولتۇرسىڭىزچۇ، بۇنداق چاغدا نەدىمۇ بۆلجۈرگەن تېپىلسۇن، بۇ خانىشنىڭ قەستەن سىزنى تەتۈر قىينىغىنىغۇ؟

— ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ رەھىمە، — بولمىسا ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىمەن، ئۇ چاغدا چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرىدىغان ئېرىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن، ئۇنى قايتا كۆرەلمەيمەن.

— ئامال تاپتىم، — دەپتۇ بۈركۈت ئويلىنىپ، — ھېلىقى ئېيىق ئېسىڭىزدىمۇ، ئۇنى تاپىنىدىكى تىكەن ئازابىدىن خالاس قىلغانىدىڭىز، ئۇ دائىم ياخشى مېۋىلەرنى قىشلىق ئوزۇق قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدىغان، بەلكىم ئۇنىڭ ئامبىرىدىن بۆلجۈرگەن تېپىلىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئامبىرى سوغۇق ساقلاش ساندۇقىدەكلا، مېۋىلەرنى يېڭى ھالىتىدە ساقلايدىغان، ئۇنى تېپىپ بۆلجۈرگىنى بولسا ئەكەلدۈرۈپ بېرەي.

— شۇنداق قىلىڭ، — دەپتۇ رەھىمە خۇشال بولۇپ.

بۈركۈت يۇقىرىغا لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپ كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا قايتىپ كەپتۇ ـ دە:

— ئۇ كېلىۋاتىدۇ، ئامبىرىدا ئەڭ ياخشى بۆلجۈرگىنى بار ئىكەن، بىر سېۋەت ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ رەھىمەگە.
— بەك ياخشى بولدى، رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ رەھىمە شادلىنىپ، ئېيىق بىر سېۋەتنى ئېلىپ يېتىپ كەپتۇ، سېۋەتتە قىپقىزىل بۆلجۈرگەنلەر بار بولۇپ، ھازىرلا ئۈزۈۋالغاندەك يېڭى ھالەتتە ئىكەن.
— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ رەھىمە سېۋەتنى ئېلىپ ئېيىققا.
— ئەرزىمەيدۇ، ئەرزىمەيدۇ، — دەپتۇ ئېيىق، — يەنە ھاجىتىڭىز چۈشسە خىزمىتىڭىزدە بولىمىز.
— ئەلۋەتتە ھاجىتىم چۈشسە سىلەرنى ئىزدەيمەن، — دەپتۇ رەھىمە، ئاندىن خوشلىشىپ قايتماقچى بوپتۇ، شۇ چاغ بۈركۈت بىر تال پېيىنى يۇلۇۋېلىپ:
— بۇنى ساقلاپ قويۇڭ، مەن كېرەك بولغاندا ئاسمانغا قارىتىپ ئۈچۈرسىڭىز، دەرھال ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ رەھىمىگە.
— بۇنىمۇ ساقلاپ قويۇڭ، — دەپتۇ ئېيىق بىرنەچچە تال موينى يۇلۇپ بېرىپ، — مەن كېرەك بولغاندا ئۇنى كۆيدۈرسىڭىز دەرھال ھازىر بولىمەن.
رەھىمە ئۇلارغا يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتقاندىن كېيىن خوشلىشىپ، سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە يولغا راۋان بوپتۇ، خۇشاللىقىدىن سوغۇقنىمۇ ئۇنتۇپ بار كۈچى بىلەن ئوردىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.
خانىش ئۇنى:
«ئاللىبۇرۇن توڭلاپ ئۆلدى ياكى باشقا تەرەپكە قېچىپ

كەتتى، ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ» دەپ ئولتۇرغانىكەن، رەھىمە بىر سېۋەت قىپقىزىل بۆلجۈرگەننى كۆتۈرۈپ كىرگىنىدە بەكمۇ تەئەججۈپلىنىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ساختا كۈلكىسى بىلەن رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، رەھىمەنى ئۆز ھۇجرىسىغا چىقىرىۋېتىپتۇ، ئاندىن يەنە يېڭى شۇملۇقلارنى ئويلاشقا كىرىشىپتۇ.

ئويلاپتۇ، ئويلاپتۇ، باشقىلار ھەم ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى سېزەلمەيدىغان، ھەم رەھىمەنى ئوردىدىن قوغلايدىغان ئەپچىل بىر چارە ئىزدەپتۇ، ئاخىر رەھىمەنىڭ ئەسلى بىر نامرات يېتىم قىز ئىكەنلىكى ئېسىگە كەپتۇ - دە، دەرھال ئۇنى «قىز مېلى ئەكەلمىدىڭ» دەپ ئەيىبلەپ، قىز مېلى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇشنى قارار قىپتۇ.

ئۇ شۇ ئوي بىلەن ئەتىسى رەھىمەنى چاقىرتىپتۇ ۋە:

— ھەي يېتىمەك، شاھزادە ئوغلۇم بىلەن توي قىلىپ ھەممە نېمىدىن خاتىرجەم بولدۇم دەپ يۈرۈۋاتامسەن، ھەرگىز ئۇنداق خام خىيال قىلما، ئەمدى سىلەرنىڭ ئۆيلۈكلارنى ئايرىپ قويىمەن، بۇنىڭغا يېڭىدىن شاھانە ساراي- قەسىر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ خىراجىتىنى بىز چىقارساقمۇ، قالغان ئۆي سەرەمجانلىرىنى سەن ھازىرلىشىڭ كېرەك، ھازىرلا نەدىن بولمىسۇن ئېسىل ئۆي سەرەمجانلىرى ھازىرلىغۇدەك بايلىق تېپىپ كەل، ئەگەر تېپىپ كېلەلمىسەڭ ئەمدى بۇ يەردە كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ يۈرمەي، ۋاقتىدا بىرەر يالاڭتۆش لايىقىڭنى تېپىپ شۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇۋال، — دەپتۇ يەنە زەھىرىنى چېچىپ.

رەھىمە يەنە دەرد - ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ

ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، خانىشنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلغان بولسىمۇ، لېكىن شاھزادە ئەكبەرنى دەپ يەنە تاقەت قىلماقچى، بايلىق تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باقماقچى بوپتۇ، شۇ ئۆي بىلەن ياردىمى تېگىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بۈركۈت پېيىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئۇچۇرغانىكەن، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا بۈركۈت ئۇچۇپ كەپتۇ-دە:

— ماڭا نېمە خىزمەت چىقتى، — دەپ سوراپتۇ رەھىمەدىن.

— ئاھ! قەدىرلىكىم بۈركۈت، خانىش ئەمدى يېڭى تۇتىدىغان ئۆيىمىزگە مۇناسىپ شاھانە ئۆي سەرەمجانلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل تېپىپ كەل دەپ بۇيرۇدى، —دەپتۇ رەھىمە مەيۈسلۈك بىلەن، — ماڭا يول كۆرسەتسىڭىز، ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟

— ھېلىقى كىچىك دەريا بويىغا بارايلى، دەريا ئاستىدا ئېسىل تاشلار بولۇشى مۇمكىن، دەريا ئۇنى بىزگە چىقىرىپ بەرسە ئۇلار ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا يارايدۇ، — دەپتۇ بۈركۈت.

رەھىمە ئۈمىدلىنىپ دەريا تەرەپكە مېڭىپتۇ، بۈركۈت دەريا ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.

بۇ چاغدا كىچىك دەريا يۈزى مۇز بىلەن، مۇز ئۈستى قېلىن قار بىلەن قاپلانغانىكەن.

— ئاھ قەدىرلىكىم دەريا! ماڭا ياردەم قىل، — دەپتۇ رەھىمە دەريا بويىغا يەتكەندىن كېيىن.

شۇ ھامان مۇز ئاستىدىكى دەريا سۈيىدىن سادا كەپتۇ.

— سىزگە قانداق ياردەم قىلىمەن؟

— ئاستىڭدا ئىسسىل تاشلار بولۇشى مۇمكىن، — دەپتۇ بۈركۈت، — ئۇنىڭغا شۇلاردىن لازىم بولۇپ قالدى، بولسا چىقىرىپ بەرسەڭ.

— كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دەپتۇ دەريا، — مەن ئىزدەپ باقاي. بىر چاغدا ئۇ:

— مانا، يىغىپ قويدۇم، تېرىۋېلىڭلار، — دەپتۇ-دە، مۇزنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، ئىككى تەرەپكە بۆلۈپ تۇرۇپتۇ، رەھىمە ئۇ يەرگە چۈشۈپ، نەچچە ئون تال ئىسسىل تاشلارنى تېرىۋاپتۇ، بۇلار ھەممىسى يەر يۈزىدە ئاز ئۇچرايدىغان قىممەت باھالىق گۆھەرلەر ئىكەن.

رەھىمە قىرغاققا قايتىپ چىقىپ دەرياغا رەھمەت-تەشەككۈرلەر ئېيتىپ خوشلىشىپتۇ-دە، كەينىگە يېنىپتۇ. بۈركۈت يەنە بىر تال پېيىنى بېرىپ، كىرەك بولغاندا ئاسمانغا قارىتىپ ئۇچۇرۇشنى تاپىلاپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

رەھىمە ئوردىغىمۇ يېتىپتۇ، خانىش ئالدىغىمۇ كىرىپتۇ. «ئەمدى قايتىپ كەلمەس» دەپ ئولتۇرغان خانىش رەھىمەنى كۆرۈپ جۇدۇنى ئۆرلەپ تووۋلاپتۇ:

— ھوي يېتىمەك! رودۇپايدەك چاپلاشتىڭغۇ بىزگە، قېنى ئەكەلگەنلىرىڭ؟

ئۇنىڭ بۇ زەھەرلىك سۆزى جىنىدىن ئۆتكەن رەھىمە:

— مانا ئەكەلگەنلىرىم، ئەمدى كىرەك بولۇپ قالسام شاھزادەم ئۆزى تاپار، — دەپتۇ-دە، ئېتىكىدىكى گۆھەرلەرنى خانىشنىڭ ئالدىغا تۆكۈۋېتىپ، كەينىگە يېنىپلا ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئاچ كۆز خانىش بولسا چاچراپ

تۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىگىمۇ دىققەت قىلماستىن، گۆھەرلەرنى تېرىشىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، رەھىمە ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

رەھىمە ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ـ يۇ، لېكىن يەنە نېمە قىلىشنى، نەگە بېرىشنى بىلمەي بىرھازا تۇرۇپ قاپتۇ. ئاخىر يەنە يېزىسىغا قايتىپ كېتىپ، قولىدىن كېلىشىچە ئىشلەپ كۈن كەچۈرۈش قارارىغا كەپتۇ ـ دە، بۇرۇن كەلگەن يولى بىلەن يېزىسىغا قاراپ مېڭىپ كېتىپتۇ.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر بىر ئاچا يولغا بېرىپ قاپتۇ، كەلگەن يولى قايسى يول ئىكەنلىكىنى تازا ئەسكە ئالالماي تۇرغىنىدا، ھېلىقى قاراقچى يول بويىدىكى جىگدىلىكتىن چىقىپ كەپتۇ ۋە:

— قاياققا ماڭدىڭىز ئاپپاق قىز؟ سىزنى شاھزادىگە ياتلىق بوپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا ئىسسىق ھۇجرىدا، شاھانە كارىۋىتىڭىزدىكى مامۇق تۆشەكتە راھەتلىنىپ يېتىپ ئارام ئالماي، بۇ يەردە يۈرۈپسىزغۇ، — دەپ سوراپتۇ ساختا ھېجىيىپ.

— خانىش مېنى پاتۇرمىدى، — دەپتۇ ئاق كۆڭۈل رەھىمە ھەسرەت بىلەن، — ئۇنىڭ زەھەردىن ئاچچىق تىل ـ ھاقارەتلىرىگە چىدىماي ئوردىدىن چىقىپ كەتتىم، ئەمدى يېزامغا قايتىپ قولۇمدىن كېلىشىچە ئىش قىلىپ كۈنۈمنى ئالاي دەپ كېتىۋاتىمەن.

— ۋاي بىچارە، — دەپتۇ قاراقچى، — پۈۋلىسە ئۇچۇپ كەتكۇدەك زىلۋا ـ نازۇك تۇرسىڭىز، يېزىدا سىز قىلغۇدەك يەڭگىل ئىش نەدە تۇرۇپتۇ، ئېغىر ئىشلارنى ئەلۋەتتە

قىلالمايسىز، مەن بىلەن يۈرۈڭچۇ، سىزگە مۇناسىپ ئىش تېپىپ بېرىمەن.

ساددا رەھىمە قاراقچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەينىدىن مېڭىپتۇ، جىگدىلىكتىن ئۆتۈپ بىر جاڭگالغا كىرىپ قاپتۇ، داۋاملىق مېڭىپ، ئاخىر بىر توغراقلىقتا يوشۇرۇنغان قورغان ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنى قېقىپتۇ، بىرھازادىن كېيىن بىرسى دەرۋازىنى ئېچىپتۇ.

رەھىمە قارىسا دەرۋازىنى ئاچقۇچى ئات كاللىسىدەك بىر چويۇن قۇلۇپ كۆتۈرۈۋالغان، سۆرۈن تەلەت، ئېگىز ۋە تەمبەل بىر خوتۇن ئىكەن، ئۇ خوتۇن كۈچ - قۇۋۋەتتە قاراقچىدەك ئەردىن نەچچىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئىكەن.

— مانا خوتۇن، — دەپتۇ قاراقچى، — قارىغىنا، ساڭا قانداق بىر ئىشلەمچى ئەكەلدىم - ھە؟!

— ۋاي! بۇ ئاۋۇ مىجىمەرۈقلاردىنمۇ ئۆتەر كېرەكسىز بىرنېمە ئىكەنغۇ!؟ — دەپتۇ ھېلىقى خوتۇن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇشتىن باشقىغا يارىمىغۇدەك، بۇ يەردە ئۇنىڭغا بېرىدىغان بىكار نان يوق، ئۇنى ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقات.

— ئۇنداق دېمە، — دەپتۇ قاراقچى ھىجىيىپ، — ئۇ شاھزادىنىڭ خوتۇنى، شۇنداقلا مېنىڭ پۇتلىرىمنى كىشەنلەپ قويغان ھېلىقى يېتىمەك شۇ. ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولسا كېرەك، ئاز- تولا ئىش قىلىپ تۇرمۇشنى قامدىماقچىمىش، شۇنداق بولغاندىكىن، بىكار نان يېمەيدۇ- دە، قالغىنى ئۆزۈڭگە باغلىق.

— توغرا ئېيتتىڭ! — دەپتۇ ھېلىقى خوتۇن

زەھەرخەنـدىلىك بىـلەن. شـۇنىڭ بىـلەن ئـۇ رەھىمەنـى ئىتتىرىـپ دىگـۈدەك بىر چوڭ ئۆيگە ئەكىرىپتۇ، بـۇ يەردە سەككىز بىچارە قىز بىردىن گىلەم جازىسى ئالدىدا ئولتـۇرۇپ ئالدىراش گىلەم توقۇۋاتقانىكەن.

— بـار! — دەپتۇ قاراقچىنىـڭ خوتـۇنى رەھىمىگە، — بىرسىنىڭ قېشىدا ئولتـۇرۇپ گىـلەم توقـۇش ئۇسـۇلىنى تـازا كـۆرۈۋال، نەچـچە كۈنـدىن كېـيىن ئـۆز ئالـدىڭغا ئـىش باشلايسەن.

شۇنداق قىلىپ، بىچارە رەھىمە بۇ قورغانغا قامىلىپتۇ، قـاراقچى بـۇ يەرگە پـات - پـات يـۈك يىپلارنـى ئەكىلىـپ بېرىـپ، پۈتكەن گىلەملەرنـى ئېلىـپ كېتىـپ تۇرىـدىكەن. خوتۇنى بولسا قولىغا قامچا ئېلىپ گىلەمچى قىزلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىـدىكەن، كىمنىـڭ ئىشى سـەل ئاسـتىلاپ قالـسا دەرھـال شـۇنى ئايىمـاي قامچىلايـدىكەن، ئـۇلارنى تـاڭ سەھەردىن كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلىتىدىكەنۇ، بېرىـدىغىنى ناشـتىلىقىغا يېرىـمدىن زاغـرا، كەچلىكىـگە بىـر قاچىـدىن ئۇمـاچ ئىـكەن، چۈشـلۈك تـامىقىنى بولـسا زادىـلا بەرمەيدىكەن، ئۇ خوتۇنىنـىڭ شەپقەتـسىزلىكى ۋە بېخىللىقى سـەۋەبىدىن قــىزلار بىــر تېــرە، بىــر ئۇســتىخان بولــۇپ قېلىشقانىكەن، ئۇلارنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىن كېتىشكە ئىلاجسىز ئىكەن.

خېلـى كـۈنلەر ئۆتۈپتـۇ، قاراقچىنىـڭ خوتۇنىنىـڭ رەھىمـسىزلەرچە قامچىلاشـلىرى، ھەتتـا ئـاچ قويـۇپ جازالاشلىرىغا چىدىمىغان رەھىمە ئاخىر قۇتۇلۇشقا ياردىمى تېگەر دېگەن ئۈمىد بىلەن، ھويلىغا چىققان بىر كۈنى

بۈركۈتنىڭ پېيىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئۇچۇرۇپتۇ، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا قورغان ئۈستىدە بۈركۈت ھازىر بوپتۇ.

— مېنى قۇتقۇزۇڭ! — دەپتۇ رەھىمە ئۇنى كۆرۈپلا.

شۇ چاغ قاراقچىنىڭ خوتۇنى ئېتىلىپ كېلىپ.

— مانا ساڭا قۇتۇلۇش، — دېگىنىچە رەھىمەنى قامچىسى بىلەن ساۋاپ كېتىپتۇ.

بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن بۈركۈت چاقماق تېزلىكىدە شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ گەزىندەك يۈزلىرىگە چاڭگال ساپتۇ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بىلەن قوۋۇزلىرىنى تىتىپ، كۆزلىرىنى كور قىپتۇ، ئاغرىققا چىدىمىغان قاراقچىنىڭ خوتۇنى قاتتىق چىرقىرىغىنىچە، جان قۇزغۇنى ئاغزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ جەھەننەمگە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، تېنى يەرگە پالاققىدە يىقىلىپتۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دەپتۇ رەھىمە بۈركۈتكە، — بىراق ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدۇق، بۇ بەكمۇ رەھىمسىزلىك بولدى.

— زالىملارنىڭ جازاسى شۇ، — دېيىشىپتۇ شۇ چاغ گىلەمچى قىزلار يۈگۈرۈپ چىقىپ، — ئۇ بىرنەچچە ھەمراھلىرىمىزنىڭ قان قىساسىغا بوغۇلغان تاش يۈرەك، ياۋۇز خوتۇن ئىدى، ئاخىر جاجىسىنى يېدى، رەھمەت سىزگە بۈركۈت، بىزنى بۇ ئاپەتتىن خالاس قىلدىڭىز.

— ئەمدى بۇ يەردىن تېز كېتىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ بۈركۈت، — قاراقچى بىلەن خوتۇنى توپلىغان مال - دۇنيانى ئېلىپ كېتىڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ تېگىشلىك ھەققىڭلار، ئاققۇزغان قان - تەرىڭلارنىڭ بەدىلى.

شۇ چاغ سىرتتىن قاراقچىنىڭ دەرۋازا قاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ، قىزلار قورقۇشۇپ:

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دەپتۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ.

— بۇ ئىش ئاسان، — دەپتۇ بۇركۈت، — ئۇنىمۇ جەھەننەمگە ئۇزىتايلى.

ئۇ شۇنداق دەپ رەھىمەگە ئىشىكنى ئېچىشقا ئىشارەت قىپتۇ، رەھىمە قاراقچىنىڭ خوتۇنىنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، قۇلۇپنى ئېچىپتۇ، زەنجىرنى چۈشۈرۈۋېتىپلا كەينىگە قېچىپتۇ، قاراقچى كىرىپلا قانغا مىلىنىپ ياتقان خوتۇنىنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك كاركىراپتۇ:

— ۋۇ ئۆلمىگۈرلەر! بۇ قايسىڭنىڭ ئىشى، مۇشۇ قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن بىرىڭنى قالدۇرماي بوغۇزلىۋەتمىسەم، خەپ!

ئۇ شۇنداق كاركىراپ يوغان پىچىقىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ قىزلارغا ئېتىلىپتۇ، بىراق شۇ خەتەرلىك مىنۇتتا، ئاللىبۇرۇن كۆككە ئۆرلەپ تەييارلىنىپ تۇرغان بۇركۈت يەنە چاقماق تېزلىكىدە شۇڭغۇپ چۈشۈپ، قاراقچىنىڭ يەلكىسىگە چاڭگال ساپتۇ، ئاندىن يەنە ئۆرلەپ ئېگىزلەپ-ئېگىزلەپ، بۇلۇتلار ئۈستىدىنمۇ ھالقىپتۇ-دە، قاراقچىنى تۆۋەنگە تاشلاپتۇ، قاراقچىنىڭ تېنى يەرگە چۈشۈپلا پارچىلىنىپ تېرىقتەك چېچىلىپ، روھى خوتۇنىنىڭ ئەرۋاھىنى ئىزدەپ، جەھەننەمگە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، جاھان بۇ مەرەزلەردىن تازىلىنىپتۇ.

بۈركۈت يەنە تۆۋەنلەپ چۈشۈپ رەھىمەگە نەچچە تال پېيىنى بېرىپتۇ - دە، يەنە كۆككە پەرۋاز قىلىپ تېزلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. رەھىمە بولسا قىزلارنى قاراقچىنىڭ مال - بايلىقى توپلانغان ئامبىرىغا باشلاپ كىرىپ، بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ - دە، ئۇلارنى ئۆيلىرىگە كېتىشىۋېلىشقا يولغا ساپتۇ، ئۆزى ئەڭ ئاخىرىدا قېلىپ، قورغانغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئاندىن يولغا راۋان بوپتۇ.

رەھىمە قورغاندىن چىققاندىن كېيىن مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئەمما جاڭگالدىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇ ئېزىپ قالغان، ماڭماقچى بولغان تەرىپىنىڭ دەل ئەكسىگە كېتىپ قالغانىكەن، شۇنداق يۈرۈپ كەچ كىرىپتۇ، قۇياش مەغرىب ئۇپۇقلىرىغا پېتىپ، ئالەم - جاھاننى گۇگۇم پەردىسى قاپلاپتۇ، ئارقىدىن تۈن قاراڭغۇلۇقى يېتىپ كەپتۇ، رەھىمە ۋۇجۇدىنى سۈر بېسىپ قورقۇمسىرىغىنىچە، قايانغا مېڭىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

ئۇ شۇنداق تېنەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىن يىلىنجاپ تۇرغان چوغدەك بىر نەرسە كۆرۈنۈپتۇ، ئۇ ئۈمىدلىنىپ شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ، ھېلىقى نەرسە يېنىغىمۇ يېتىپتۇ، چوغدەك كۆرۈنگەن نەرسە ئۇچۇپ يۈرگەن بىر قوڭغۇزنىڭ قولىدىكى ياڭاقتەك بىر كىچىك پانۇسنىڭ يورۇقى ئىكەن.

قوڭغۇز رەھىمە كېلىشى بىلەنلا بىر تەرەپكە ئۇچۇپتۇ، رەھىمە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ، ئاخىر ئۇلار بىر قىيسىق كەپە ئالدىغا بېرىپ توختاپتۇ، كەپىنىڭ ئۆمۈچۈك

تورلىرى بىلەن پەردىلەنگەن، ئادەم ئۈستىخانلىرى بىلەن راملانغان دېرىزىسىدىن غۇۋا يورۇقلۇق چىقىپ تۇرغانىكەن.

— ئۆيگە كىر، ئوماق قوزام، — دېگەن بىر قورقۇنچلۇق سادا كەپتۇ كەپە ئىچىدىن.

رەھىمە قورقۇمسىراپ تۇرۇپ قاپتۇ ، كەپىدىن يەنە شۇ سادا كېلىپ، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ پۇتلىرى ئىرادىسىگە بويسۇنمىغان هالدا ئۇنى كەپىگە ئېلىپ كىرىپتۇ.

كەپە ئىچى ئىسلىنىشىپ موردەك قارىدىغان، ھەممە يەر ئەسكى - تۇسكى بىلەن تولغان بولۇپ، چاشقانلار يۈگۈرۈشۈپ، چارپاقىلار سەكرىشىپ، قوڭغۇزلار ئۇچۇپ يۈرگەنىكەن، ئادەم ئۈستىخانلىرى كۆكۈچ يالقۇن چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان ئوچاق ئالدىدا بولسا بىر پاخما باش، سوزۇن تەلەت، دۈمچەك كەمپىر ئولتۇرغانىكەن.

— كەل! ئالدىمغا كەل، — دەپتۇ دۈمچەك كەمپىر يەنە، — بەدەنلىرىڭنى تۇتۇپ باقاي، ئانچە - مۇنچە ئەت- گۆشلىرىڭ بارمۇ - يوق؟

رەھىمەنىڭ پۇتلىرى يەنە ئۇنى ئىختىيارسىز كەمپىرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، كەمپىر چوكىدەك ئىنچىكە - ئۇزۇن ۋە ياغاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەتيانلىرىنى تۇتۇپ، ئوتاپ كۆرۈپ:

— ۋاي - ۋۇي! تازا بىر ئاش- نانغا زار يېتىمەك، قۇرۇق ئۈستىخان نەرسە ئىكەنسەنغۇ، خەير، بۇ يەردە تويغۇچە يەپ- ئىچىپ سەمرىپمۇ قالارسەن، بىراق بىكار تۇرساڭمۇ بولماس، ماڭ! چاشقانلارغا يەم، پاقىلارغا چىۋىن بەر، ئۆينى تازىلا......

رەھىمە قورقۇنچ ئىچىدە ئۇ بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇنلاشقا باشلاپتۇ، پەقەت چارچاپ يىقىلغاندىلا، موماي ئۇنى بۇلۇڭدىكى ئوت - چۆپ دۆۋىسى ئۈستىدە يېتىپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇيتۇ، ئۆزى بولسا چوڭ - چوڭ ئۈستىخانلاردىن ياسالغان كارىۋىتىغا چىقىپ، ئادەمنىڭ قۇلاق پەردىسى يىرتىلغۇدەك قاتتىق ۋە سەت خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، ئەمما بىچارە رەھىمە بولسا تازا تاتلىق ئۇيقۇسى كەلگەن بولسىمۇ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. چۈنكى، بىر تەرەپتىن كەمپىرنىڭ قاتتىق خورەك ئاۋازى تىنجىتمىسا ، يەنە بىر تەرەپتىن چاشقانلار كېلىپ ئۇنى چىشلەپ - تارتىپ ئارام بەرمەپتۇ.

— ماڭا بىردەم ئارام بەرسەڭلارچۇ؟ — دەپتۇ رەھىمە چاشقانلارغا يېلىنىپ. ئەمما. چاشقانلار ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەي چىشلەپ تارتىۋېرىپتۇ، ئامالسىز قالغان رەھىمە ئۇلارنىڭ رايىغا بېقىپ تارتقان تەرەپكە ماڭغانىكەن، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، بىراق ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاي دېگۈچە چارپاقلار بەس - بەس بىلەن كۆركىراشقانىكەن، چاشقانلار ھەر تەرەپكە پىتىراپ قېچىپتۇ، رەھىمە نېمە ئىش بولغىنىنى بىلىپ بولغۇچە قاپقارا بىر قول كېلىپ، چۈجىنى بوغقاندەكلا گېلىدىن بوغۇپ، تارتىپ كەمپىرنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلاپتۇ. كەمپىر يېڭىلا ئويغىنىپ كارىۋىتىدا ئولتۇرغانىكەن.

— قاچماقچىمىدىڭ قوزام؟ — دەپتۇ ئۇ خىرقىراپ.

— ياق، ياق، — دەپتۇ رەھىمە تېنى شۈركۈنۈپ.

ئەمسە نېمىشقا ئۇخلىماي، ئۇ يەردە تۇرىسەن، —

دەپتۇ كەمپىر تەلەتىنى تىخىمۇ سەتلەشتۈرۈپ.

— قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەندى، يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ تۇراتتىم، — دەپتۇ رەھىمە ئىختىيارسىزلا، چۈنكى ئۇنىڭ قورسىقى شۇنداق دىيىشنى ئۆگىتىۋاتقاندەك ئاچلىقتىن كوركىراۋاتقانىكەن.

— ۋۈي كالۋا! — دەپتۇ موماي ئەمدى يامان پەيلىدىن يېنىپ، — مەن ئۇيقۇغا كەتمەستە دېسەڭ بولماسمىدى، بار، قازاندا گۆش قايناۋاتىدۇ، تويغۇچە يە، يەنە مىنى ئويغىتىۋەتسەڭ، تىرىك تۇرغۇزۇپلا ئۇستىخانلىرىڭنى غاجايمەن، بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرەي دېسەڭ ئۇيقۇمنى بۇزغۇچى بولما!

ئۇ شۇنداق دەپ يەنە كارىۋاتقا ئۈزىنى تاشلاپ، خورىكىنى يىڭىباشتىن باشلاپ، قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

رەھىمە بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ قازان ئالدىغا بىرىپ تۇۋاقنى ئاچقانىكەن، پىتىقلاپ قايناۋاتقان چاشقان ۋە قۇرت- قوڭغۇزلارنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، دەرھال تۇۋاقنى يېپىپتۇ - دە، يەنە چۆپ دۆۋىسىگە بىرىپ ئېگەك يۆلىگىنىچە ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ.

— بىچارە جانىۋارلار، — دەپتۇ رەھىمە، — سىلەر ئەسلىدە بۇ قىرى كەمپىرنىڭ يىمىكى ئۈچۈن بېقىلىۋېتىپسىلەر - دە.

— سىزمۇ شۇنداق، — دەپتۇ تۇيۇقسىز چاشقانلار ئارىسىدىكى ئەڭ قىرى چاشقان زۇۋانغا كىلىپ، — تېززەك ئۆزىڭىزنى چەتكە ئالمىسىڭىز، جادۇگەر دەللە ئەتلىنىپ بولۇشىڭىزنى كۈتمەيلا سىزنى يېۋېتىدۇ، چۈنكى بۇ يەردە

سىز يېگۈدەك ھېچنېمە يوق.
— بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنىڭ نېمە ئامالى بولىسۇن؟— دەپتۇ رەھىمە مەيۈسلىنىپ، — بوسۇغىدىن ئاتلاي دېگەن ھامان چارپاقلار كۆركىراپ كەمپىرنى ئويغىتىۋېتىدىكەن.
— بىز ياردەم قىلىمىز، — دەپتۇ قىرى چاشقان، — سىز چۈپ دۆۋىسى ئۈستىدە ئۇخلىغان بولۇۋېلىڭ، سىزنى كۆزىتىۋاتقان چارپاقلار خاتىرجەم بولۇپ ئۇيقۇغا كېتىدۇ، ئۇنىڭغىچە تامنىڭ تۆۋىدىن كامار ئاچىمىز، شۇ يەردىن قېچىپ كېتىڭ.
— چارپاقلار ئۇخلىغاندا ئىشىكتىنلا قاچسام بولمامدۇ؟— سوراپتۇ رەھىمە.
— بولمايدۇ، — دەپتۇ قىرى چاشقان، — بوسۇغىمۇ سېھىرلەنگەن، سىز ئاتلاپ بولغۇچە ئۇ ئېگىزلەپ ئىشىكنى توسىدۇ، بۇ سىر ماڭىلا مەلۇم، باللىرىم بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچ، باياتىن سىزنى ئىشىكتىن قېچىشقا دەۋەت قىلدى.
رەھىمە ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپتۇ، قىرى چاشقان باشقا چاشقانلارنى ئەگەشتۈرۈپ چۈپ دۆۋىسى ئاستىغا شۇڭغۇپ، بىر چاغدا يەنە قايتىپ چىقىپتۇ ۋە:
— كامار ئېچىۋەتتۇق، سىز پاتقۇدەكلا، ئەمدى پاقىلار ئۇخلىغان بولسا قاچسىڭىز بولىدۇ، ئۇلار ئۇخلايدىغاندا جادۇگەر دەللىنىڭ كارىۋىتىغا چىقىشىۋالىدۇ، — دەپتۇ رەھىمەگە.
— ئۇلار كارىۋاتقا چىقىۋېلىشتى، — دەپتۇ رەھىمە.

— ئەمسە چوڭ دۆۋىسى ئىچىگە ئۆمىلەپ كىرىڭ - دە، سىرتقا چىقىۋېلىڭ، — دەپتۇ قېرى چاشقان.

رەھىمە كاماردىن سىرتقا چىقىپتۇ، ئارقىدىنلا قېرى چاشقانمۇ چىقىپ:

— ئەمدى بار كۈچىڭىز بىلەن قېچىڭ، ھەرگىز كەينىڭىزگە قارىماڭ، توختىماي قېچىڭ، قۇياش كۆتۈرۈلگۈچە شۇنداق قېچىۋېرىڭ، بىرسى چاقىرسىمۇ قارىماڭ، توختىماڭ، بولمىسا ھەرگىز قۇتۇلالمايسىز، قۇياش كۆتۈرۈلگۈچە تۇتۇلۇپ قالمىسىڭىزلا قۇتۇلغىنىڭىز شۇ.

— سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ — دەپتۇ رەھىمە ئۇنىڭغا، — جادۇگەر كەمپىرگە يەم بولغۇچە مەن بىلەن بىللە كېتىڭلارچۇ، مەن سىلەرنى ئېتىكىمگە سېلىپ ئەكېتەي.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ قېرى چاشقان، بىز خېلى جىق، ھەممىمىزنى ئەكېتىپ بولالمايسىز، بىز بېشىمىزغا كەلگەننى تەڭ كۆرۈپ قالايلى، سىز ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتەلىسىڭىزلا بىز شۇنىڭدىن خۇشال، تېز بولۇڭ، بار كۈچىڭىز بىلەن يۈگۈرۈپ قېچىڭ.

رەھىمە ئامالسىز رەھمەت ئېيتىپلا يۈگۈرگىنىچە كەينىدىن يىراقلىشىپتۇ، ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقاندا ئالدىدا نۇرغۇن قوڭغۇزلار پەيدا بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ياڭاقچىلىك كىچىك پانۇس كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئازدۇرماقچى بولۇشۇپتۇ، ئۇچرىغان قورۇق - قاقشال دەرەخلەر بولسا شاخ - پۇتاقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ، كەينىدىن بولسا ئۇنى چاقىرغان

گاھى يىقىلىپ، گاھى ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ، بىراق رەھىمە ئۆلارنىڭ ھېچبىرىگە پىسەنت قىلماستىن توختىماي ۋە كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ.

شۇ چاغ كەينىدىن يەنە قويۇندەك غۇرقىراپ كېلىۋاتقان جادۇگەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ، رەھىمە بولسا ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلايلا دەپ قاپتۇ.

ئاھ! بىچارە، ئۇ ئەمدى قانداق قىلار؟

شۇ چاغ رەھىمەنىڭ ئىسىگە بۈركۈت پىيى كەپتۇ - دە، ئۇمىد رىشتىسىنى ئۇنىڭغا باغلاپ، پەيىنى ئاسمانغا قارىتىپ ئۇچۇرۇپتۇ، جادۇگەر دەللىنىڭ مۇدھىش قوللىرى يىلاندەك سوزۇلۇپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋالاي دېگەندە، كۆكتىن بۈركۈت ئوقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ رەھىمەنى كۆتۈرۈپلا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

جادۇگەر بولسا ئەلەم بىلەن:

— خەپ توختا! خەپ توختا! — دېگىنىچە ھاسىغا مىنىپ كۆككە ئۆرلەپ ئۇلارنى قوغلاپتۇ، ئۇنىڭغىچە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلاپ، ئۇيۇق قىزغۇچ تۈس ئاپتۇ، جادۇگەر ئەمدى قوغلاۋېرىشتىن يالتىيىپتۇ، چۈنكى ئۇ قۇياشتىن، يورۇقلۇقتىن قورقىدىكەن. بىراق، ئۇ رەھىمەنى بوش قويۇۋېتىشنىمۇ خالىماپتۇ، شۇڭا ئەپسۇن ئوقۇپ، بىر تال چىچىنى ئوقياغا ئايلاندۇرۇپ، بىر تال ئوقنى بەتلەپ ئاتقانىكەن، ئوق بۈركۈتنىڭ ھارماس قاناتلىرىغا سانجىلىپتۇ، رەھىمە بولسا تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىنلا جادۇگەر دەللە كەينىگە يېنىپتۇ.

بۈركۈت قاناتلىرىغا مۇدھىش يا ئوقى قادالغاندىن

كېيىن، ئۇچالماي كۆك قەرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، رەھىمەنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىمۇ كۆتۈرەلمەي تاشلىۋېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ، بىراق ئۇ چۈشۈپ كەتكەن جاي قۇرۇقلۇق ئەمەس، بەلكى بىپايان دېڭىز ئىكەن.

رەھىمەنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا چۆكۈشكە باشلاپتۇ، بىراق شۇ پەيتتە تۇيۇقسىز دېڭىز تەكتىدىن ئۈستۈنكى يېرىمى ئادەم، تۆۋەنكى يېرىمى بېلىق سۈرەتلىك بىرسى، يەنى رەھىمە دەريادا يولۇققان ۋە ياخشىلىقىغا ئېرىشكەن ھېلىقى بېلىق قىز پەيدا بوپتۇ-دە، رەھىمەنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋاپتۇ، ئۇ كۆپكۆك دېڭىز ئاستىدا تۇرۇپ ئۇنى كۆرگەن ۋە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈمىدىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۈستىگە چىققانىكەن.

بېلىق قىز رەھىمەنىڭ تاشقا ئايلانغان قىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالى بولمىغاچقا، دېڭىز ئاستىدىكى كۈچلۈك سۇ بېسىمىدىن بولسىمۇ ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن، پايانسىز دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بىر ئارالغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئارال تۇپرىقىغا تىكلەپ قويۇپتۇ.

— ھېلىقى بۈركۈت نېمە بوپتۇ؟ — سوراپتۇ ئالدىراقسان كىچىك قارلىغاچ يېزىشتىن توختاپ.

— بىلمەيمەن، — دەپتۇ تاش قىز يىغلامسىراپ، — دېڭىز دولقۇنلىرى بىزنى ئايرىۋەتتى، بەلكىم ئۇمۇ بىر مەزگىل لەيلەپ يۈرگەندۇ، ئاندىن......

— ھەي ئىستەي، — دەپتۇ كىچىك قارلىغاچ، — ئۇ تىنچ - ئامان بولغاي ئىلاھىم.

— مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى تىلەيمەن، — دەپتۇ تاش قىز مەيۇس هالدا، — ئۇنىڭ هازىر قانداق تۇرۇۋاتقىنىنى بەكلا بىلگۈم بار، ئىلاھىم سىز دېگەندەك تىنچ - ئامان بولغاي.

— بۇ ئۆزىڭىزنىڭ هېكايىڭىزكەنغۇ!؟ — تووۇلۇپتىپتۇ بىردىنلا قارلىغاچ هاياجانلىنىپ.

— شۇنداق، مېنىڭ هېكايەم، — دەپتۇ تاش قىز، — جىسمىم تاش بولۇپ قالغىنى بىلەن، يۈرىكىم تېخى سوقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، هەممىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

بۇ چاغدا مەشرىق ئۇپۇقلىرى قىزىرىشقا باشلاپتۇ، كۆپ ئۆتمەي قىزىل قۇياشمۇ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلاپتۇ.

— سەرگۈزەشتىلىرىڭىز كىشىنى هەسرەتكە سالىدىغان ئۇزۇن بىر هېكايە ئىكەن، — دەپتۇ كىچىك قارلىغاچ، — ئەمدى ماڭا ئىجازەت قىلىڭ، سەپىرىمنى داۋام قىلاي، دوستلىرىمغا، قېرىنداشلىرىمغا بۇ هېكايىڭىزنى سۆزلەپ بېرەي، ئاندىن يەنە پۇرسەت تېپىپ ئۇلار بىلەن بىللە سىزنى يوقلاپ كېلەي، بولامدۇ؟

— رەھمەت! — دەپتۇ تاش قىز، — هەرقاچان كەلسەڭلا قارشى ئېلىۋېرىمەن، بەكمۇ خۇرسەن بولىمەن، ئەمدى مېنىڭ سىزگە يەنە بىر هاجىتىم بار، ياردەم قىلارسىزمۇ؟

— ياردەم قىلىمەن، — ئەلۋەتتە ياردەم قىلىمەن، — دەپتۇ كىچىك قارلىغاچ، — قولۇمدىن كەلسىلا، بۇ مەن ئۈچۈن زور خۇشاللىق.

— بۇ يازغان خاتىرىڭىزنى شاھزادىگە، مېنىڭ ئەنە شۇ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىمگە يەتكۈزسىڭىز، ئۇ مېنى ئۇنتۇمىغانلا بولسا بۇ ئارالغا ئىزدەپ كېلىدۇ، ئۇنى شۇنداق بەك كۆرگۈم كەلدىكى، بۇنى تىل بىلەن تەسىرىۋلەشكە ئاجىزمەن، ئۇنى بىرلا كۆرۈۋالسام قىلچە ئارمىنىم قالماس ئىدى.

— بىراق، ئۇ مېنىڭ بۇ يىڭنە كۆزىدەك ئۇششاق خەتلىرىمنى ئوقۇيالارمۇ، — دەپتۇ كىچىك قارلىغاچ.

— ئوقۇيالايدۇ، — دەپتۇ تاش قىز، — ئوردىدىكى خاس ھۇجرىمىزدا كىچىك نەرسىنى چوڭايتىپ كۆرسىتىدىغان بىر خىسلەتلىك ئەينەك بولىدىغان، خاتىرىڭىزنى شۇ ئەينەك ئاستىغا قويسىلا خەتلەرنى ئوقۇيالايدۇ.

قارلىغاچ رازىلىق بىلدۈرۈپ، خاتىرىسىنى جىلتىسىگە سېلىپتۇ ـ دە، تاش قىز بىلەن خوشلىشىپ كۆككە پەرۋاز قىپتۇ.

شۇ پەرۋاز قىلغىنىچە ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، نۇرغۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، كۈن چۈشتىن ھالقىغاندا چوڭ قۇرۇقلۇققا يېتىپتۇ، بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىپ، سۇ ئىچىپ، ئوزۇقلىنىۋالغاندىن كېيىن، شاھزادە ئەكبەرنىڭ شەھىرىنى كۆزلەپ ئۇچۇپ، شەھەرگىمۇ يېتىپتۇ.

شاھزادە ئەكبەر رەھىمەنىڭ جۇدالىق دەردى، قايغۇ ـ ھەسرىتى تۈپەيلىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالغانىكەن.

قارلىغاچ ئۇ ياتقان شاھانە قەسىرنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ كىرىپتۇ ـ دە، خاتىرىنى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپلا يەنە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئەكبەر خاتىرىنى ئېچىپتۇ، يىڭنە كۆزىدەك ئۇششاق خەتلەرنى كۆرۈپتۇ، خاتىرە بەتلىرىدىن بىر خۇش پۇراق ھىد تارىلىپ، ئۇنىڭ نىمجان ۋۇجۇدىغا كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلاپ ئۇنى خېلى تېتىكلەشتۈرۈپ قويۇپتۇ، خاتىرىدىكى خەتنى گويا سۆيۈملۈك مەلىكىسى ئەۋەتكەن مەكتۇپتەكلا ھېس قىلىپ، قەلبى شادلىققا تولۇپ، يۈرىكى ئويناپ كېتىپتۇ.

— بۇ ئۇنىڭ خېتىمىدۇ؟ — دەپتۇ ئۇ ھاياجانلىنىپ ئۆز- ئۆزىگە، — ئۇنىڭ خېتى بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

ئەمدى ئۇ بۇ خەتلەرنى قانداق ئوقۇش ئۇستىدە ئويلىنىشقا باشلاپتۇ، ئاخىر ئۇنىڭ ئېسىگە نەرسىلەرنى چوڭايتىپ كۆرسەتكۈچى خاسىيەتلىك ئەينەك كەپتۇ - دە، دەس تۇرۇپ ئەينەكنى ئىزدەپ تېپىپتۇ، ئۇ قارلىغاچنىڭ خاتىرىسىنى ئەينەك ئاستىغا قويغانىكەن، يىڭنە كۆزىدەك ئۇششاق ۋە ئىمىر - چىمىر، قىڭغىر - قىيسىق خەتلەر ئەمدى بۇغدايدەك چوڭلۇقتا، روشەن كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ، شاھزادە شۇ ھامان خاتىرىدىكى خەتلەرنى — خاتىرىلەنگەن ھېكايەتنى كۆز ئۈزمەستىن ئوقۇشقا باشلاپتۇ، ھېكايىنى ئوقۇپ چىقىپ سۆيۈملۈك مەلىكىسى رەھىمەنىڭ نۇرغۇن ئازابلارنى تارتىپ، ئاخىر بىر تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپتۇ - دە:

— ئاھ! سۆيۈملۈك دىلبىرىم، مەن ھازىرلا قېشىڭغا بارىمەن، ھازىرلا...... — دەپتۇ پىچىرلاپ.

ئۇ گەپلەرنى دەۋاتقاندا قاپقارا بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن بىر

تامچە ياش تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىكى خاتىرە بەتلىرىگە تېمىپتۇ.
شاھزادە ئەكبەر خاتىرىنى قويىنىغا ساپتۇ ـ دە، ھېچ كىشىگە گەپ ـ سۆز قىلماستىن، تۇلپارىغا مىنىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئاغرىپ يېتىپ قالغان شاھزادىنىڭ ئەمدى تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتلىنىپ ماڭغىنى، رەڭگى ـ رۇخسارىنىڭمۇ خېلىلا تۈزىلىپ قالغىنىنى كۆرگەن ئوردا ئەھلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىشىپلا قاپتۇ، شاھ بىلەن خانىش شاھزادىنى توسۇۋېلىش ئۈچۈن پالاقلاپ چىقىپ بولغۇچە، شاھزادە خېلىلا يىراقلاپ كېتىپتۇ.
ئۇ يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، دېڭىز تامان توختىماي يۈرۈپتۇ، بىر چاغدا بىر كىچىك دەريا ئۇنىڭ يولىنى توسۇپتۇ، ئۇ قورقماستىن دەرياغا ئات سالماقچى بولغانىكەن، كىچىك دەريادىن سادا كەپتۇ:
— مەرھابا، ھۆرمەتلىك شاھزادە، قاياققا ماڭدىڭىز؟
— سۆيۈملۈك ئايالىم، مەلىكەم رەھىمەنى كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، ئۇ تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇ ھازىر يىراقتىكى بىر دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كىچىككىنە بىر ئارالدا، بەكمۇ خەتەرلىك بىر مۆھىتتا ئىكەن، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر.
— مېنىمۇ ئالغاچ بېرىڭچۇ، — دەپتۇ كىچىك دەريا شاۋقۇنلاپ، — ئۇ بەك ياخشى قىز ئىدى، مەنمۇ ئۇنى يوقلاپ قوياي.
دەريانىڭ شۇنداق دەپ سۇيى يىغلىپ، يىغلىپ

كىچىكلەپ ئاخىر بىر پىيالە سوچىلىك بولۇپ قاپتۇ، شاھزادە ئەكبەر ئۇنى يول بويىدا ئۆسۈپ قالغان قاپاق پېلىكىدىكى كىچىككىنە بىر قاپاققا قاچىلاپ ئېلىپ مېڭىپ، يولنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، بىر ئورمانلىق يېنىغا يېتىپتۇ، بۇ چاغدا بىر ئېيىق ئورمانلىقتىن چىقىپ كەپتۇ.

شاھزادە ئەكبەر خەۋپسىرەپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپلا ئېلىشماققا ھازىرلانغانىكەن.

— مەرھابا! ھۆرمەتلىك شاھزادە، — دەپتۇ ئېيىق، — قاياققا ماڭدىڭىز؟

— سۆيۈملۈك ئايالىم، مەلىكەم رەھىمنىڭ قېشىغا،— دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — ئۇ تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قاپتۇ، ھازىر ئۇ يىراقدىكى بىر دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كىچىككىنە بىر ئارالدا، بەكمۇ خەتەرلىك مۇھىتتا ئىكەن.

— مېنىمۇ ئالغاچ بېرىڭچۇ، — دەپتۇ ئېيىق، — ئۇ بەك ياخشى قىز ئىدى، مەنمۇ ئۇنى يوقلاپ قوياي .

ئۇ شونداق دەپ كىچىكلەپ، كىچىكلەپ ئاخىر چاشقانچىلىك بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە ئەكبەر قىلىچىنى غىلاپقا، ئېيىقنى قوينىغا ساپتۇ - دە، يولنى داۋام قىپتۇ.

ئۇ يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر بۆركۆت قونۇپتۇ ۋە:

— مەرھابا، ھۆرمەتلىك شاھزادە، قاياققا ماڭدىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.

— سۆيۈملۈك ئايالىم، مەلىكەم رەھىمنىڭ قېشىغا، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — ئۇ تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ

قاپتۇ، ھازىر ئۇ يىراقتىكى بىر دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كىچىككىنە بىر ئارالدا، بەكمۇ خەتەرلىك بىر مۇھىتتا ئىكەن.

— مەنمۇ بىللە بارايچۇ، — دەپتۇ بۆركۆت، — جادۇگەر دەللىنىڭ ئوقى يارىلاندۇرغاندىن كېيىن بىز بىللە دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن، دېڭىز دولقۇنلىرى بىزنى ئايرىۋەتكەنىدى، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى كۆرمىدىم، بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق.

— سىز قانداق قىلىپ دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتمەي، يەنە تېخى ساقىيىپ ئەسلىڭىزگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — سوراپتۇ شاھزادە ئەكبەر ئەجەبلىنىپ.

— مېنى بېلىق قىز خەتەردىن قۇتقۇزدى، — دەپتۇ بۆركۆت، — ئاندىن يەنە يا ئوقىنى قاناتلىرىمدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ تاشلاپ، جاراھىتىمگە شىپالىق دورا تەلەپ قىلىپ، ئۇ دورىنى چاپتى، ئۇنىڭ ياخشىلىقى شاراپىتىدىن مانا سىز كۆرگەندەك ئامان - ئېسەن تۇرۇۋېتىمەن.

— ئەمىسە بىز يولىمىزغا ماڭايلى، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — مەلىكەم يولۇمغا تەلمۈرۈپ قاپتۇ.

— بىز ئاۋۋال ئاق كۆڭۈل سېھىرگەر مومايىنىڭ ئالدىغا بارايلى، — دەپتۇ بۆركۆت، — ئۇ بىزگە تاشقا ئايلىنىپ قالغان مەلىكىڭىز رەھىمەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس.

— ياخشى گەپ، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — سىز مېنى باشلاپ بېرىڭ.

بۆركۆت ئۇنى باشلاپ مېڭىپتۇ، ئۇلار ئاخىر ئاق كۆڭۈل

سىھىرگەر موماينىڭ كەينىدىن ئالدىغا ئىرىپتۇ.

سىھىرگەر موماي رەڭگارەڭ گۇللەر ئېچىلغان گۇلزارلىقىدا كېپىنەكلەرنىڭ گۇللەرنى چاڭلاشتۇرۇشى، قۇشقاچلارنىڭ قۇرت - قوڭغۇزلارنى يوقىتىشىغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن.

— مەرھابا! — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر بىلەن بۇركۇتكە،— بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلدىڭلار.

— بۇنى كۆرۈپ باققان بولىسلا، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر قوينىدىن قارلىغاچنىڭ خاتىرىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

سىھىرگەر موماي خاتىرىنى بېشىدىن چىملىققا تاشلىغانىكەن، چوڭىيىپ، چوڭىيىپ ھەر بېتى چوڭ بىر گىلەمدەك يېيىلىپتۇ، سىھىرگەر موماي ئۇنى ئوقۇپ چىقىپ:

— ۋاي بىچارە قىزىم، تارتمىغان كۈلپەتلىرى قالماپتۇغۇ ئۇنىڭ، ئۇ ھازىرمۇ شۇ كىچىك ئارالدىمىدۇ، — دەپتۇ كۆز يېشى قىلىپ.

— شۇنداق، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — بىز سىزنى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم قىلارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە كەلگەنىدۇق.

— مېنىڭ گۇللۈكۈمدە ھەر توققۇز يىلدا بىر تال خاسىيەتلىك گۈل ئېچىلىدىغان، ئۇ تىلىگەننىڭ ھەممىسىنى ھازىر قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ ئېچىلىشىغا يەنە سەككىز يىل بار، ئۇنىڭغىچە تاقەت قىلىشىڭلار كېرەك.

— سەككىز يىلغىچە ئۇ ئازاب تارتىپ تۇرارمۇ، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر غەمكىنلىك بىلەن، — ئاھ! بىچارە مەلىكەم.

— مەن سىلەرگە ھازىر پەقەت سىھىر - جادۇدىن

ساقلايدىغان خىسلەتلىك گۈللەردىنلا بىرەلەيمەن، — دەپتۇ سېھىرگەر موماي، — سىلەر بەلكىم ھېلىقى جادۇگەردىن قىساس ئالغىلى بارارسىلەر، بۇ گۈللەر سىلەرگە شۇ يەردە ئەسقاتىدۇ، سىلەر چوقۇم بۇ ئاپەتنى يوقىتىڭلار.
— شۇنداق قىلىمىز، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر.
سېھىرگەر موماي گۈللۈكتىن بىر جۈپ ھاۋا رەڭ گۈل ئۈزۈپتۇ - دە، شاھزادە ئەكبەر بىلەن بۆركۆتكە بېرىپتۇ.
— بىزگىمۇ، بىزگىمۇ، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەرنىڭ قوينىدىكى ئىپىق بىلەن قاپىقىدىكى كىچىك دەريا.
سېھىرگەر موماي ئۇلار ئۈچۈنمۇ بىر جۈپ ھاۋا رەڭ گۈل ئۈزۈپ بېرىپتۇ - دە، ئاندىن:
— ئاقىۋول بولسۇن! مەلىكىڭىزنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەرگە كۈلۈمسىرەپ.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇمۇ، كەپىسى ۋە گۈلزارلىقىمۇ غايىب بوپتۇ، شاھزادە ئەكبەر بىلەن بۆركۆتمۇ يولغا راۋان بوپتۇ.
— بىز ئاۋۋال مەلىكەمنىڭ قېشىغا بارايلى، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر كېتىۋېتىپ.
— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ بۆركۆت، — بولسا مەن ئالدىن بېرىپ سىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى خەۋەر قىلغاچ تۇراي، قانىتىم جاراھەتلەنگەندىن كېيىن بىرئاز ئاجىزلاپ قالدىم، بولمىسا سىزنى كۆتۈرۈپلا ئۇچۇپ ئاپىرىپ قويار ئىدىم.
— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — مەن تۇلپارىم بىلەن دېڭىز بويىغا تېزلا يېتىمەن، بىر ئامال قىلىپ ئارالغىمۇ بارىمەن، سىز بارغاچ تۇرۇڭ.

شۇنداق قىلىپ، بۈركۈت دېڭىز تامان ئالدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ، شاھزادە تۇلپارنى چاپتۇرۇپ ئۇ كەتكەن تەرەپكە يۈرۈپتۇ.

شاھزادە يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ توختىماي يۈرۈپ ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭ دېڭىز بويىغا يېتىپتۇ، يىراق يىپايان دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە ئارالنى قانداق تېپىپ بېرىش غېمىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ئاخىر ئۇ يىراقتىن كۆرۈنگەن بىر قېيىقتەك نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ، بېرىپ قارىسا بىر بېلىقچى قېيىقنى قىرغاققا سۆرەپ چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزى بېلىق كاۋاپ قىلىپ ئولتۇرغانىكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بېلىقچى، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — مېنى دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك بىر ئارالغا يەتكۈزۈپ قويارسىزمۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز ئىش ھەققىڭىزگە زەر كەمىرىمنى، زەرباب كىيىمىمنى ۋە باشقا يېنىمدا بار ھەممە پۇللۇق نەرسەمنى بېرەتتىم.

— بولمايدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى، — سىز مېنى بەك خەتەرلىك ئىشقا سالماقچى بولۇۋاتىسىز، بۇ دېڭىزدا ئارال ئەمەس، بىرەر خادا تاشنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم ھەم بەك يىراققا بېرىپمۇ باقمىدىم، چۈنكى دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلەردىن قايتىپ كەلگىنى يوق ھەم بىرەر ئارال بارلىقى ھەققىدىكى خەۋەرمۇ يوق، بەرمەكچى بولغانلىرىڭىز بەك قىممەت باھالىق نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ كىرسەم ئۆلارنىڭ ماڭا كېرىكى قالمايدۇ.

— ئەگەر مېنى كىچىك ئارالغا ئاپىرىپ قويۇشنى خالىمىسىڭىز، قېيىقنى ماڭا سېتىپ بېرىڭ، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر، — مەن ئۆزۈم ھەيدەپ كېتىۋېرەي.

— جاھىللىق ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى يەنە، — ئەخمىقانە خىيالىڭىز بويىچە ئىش قىلىسىڭىز، ئىشىنىمەنكى ئۇ سىزنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

شاھزادە ئەكبەر ئۇ سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ، زەر كەمەرگە، زەرباپ كىيىملەرگە بېلىقچىنىڭ قېيىقىنى تېگىشىپ ئۆزى يالغۇز دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ.

شاھزادە قېيىق بىلەن يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، ئىچكىرىلەپ كېتىۋېرىپتۇ، ئىچكىرىلىگەنسېرى تۈرلۈك خەۋپ - خەتەرلەر كۆپىيىپ بېرىپتۇ، گاھى دەھشەتلىك دولقۇنلار ئۇنىڭ قېيىقىنى ئۆكتۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنسا، گاھى غايەت زور كىت ۋە لەھەڭلەر ئۇنى قېيىق بىلەنلا قوشۇپ يۇتۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىپتۇ، ئەمما شاھزادە ئەكبەر بولسا ئەپچىللىك بىلەن ھەر قېتىملىق خەتەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئامان قاپتۇ، بىراق بارغانسېرى ھېرىپ- ھالسىرىلىنىپ، قوللىرى قاپىرىپ، ھەتتا قاناپ كېتىپتۇ، پالاق ئۇرغۇدەك ماجالىمۇ قالماپتۇ، شۇ ھالدا دولقۇنلار قېيىقنى ئۆزى خالىغان تەرەپلەرگە سۈرۈپ، تېخىمۇ خەتەرلىك جايلارغا ئېلىپ كېتىپتۇ ۋە ئاخىر بىر يوشۇرۇن خادا تاشقا سوقۇپ پارە - پارە قىلىۋېتىپتۇ. شاھزادە ئەكبەر قېيىقنىڭ بىر پارچە تاختىيى ئۈستىدىلا قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا بار كۈچى بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ دېڭىز دولقۇنلىرىغا قارشى

ئۈزۈپ، بىپايان دېڭىزدىن ھېلىقى كىچىككىنە ئارالنى تاپماقچى، تاشقا ئايلانغان مەلىكىسى يېنىغا بارماقچى بوپتۇ، ئاھ! ئۇ نېمىدېگەن جاسارەتلىك - ھە!؟

بىراق، ئۇنىڭ جىسمىدىكى كۈچ - قۇۋۋەت ئاخىر خوراپ تۈگەپتۇ، ئۆزى بولسا ھوشىدىن كېتىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭ جىسمى جانسىز نەرسىدەك دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ، ئۇيان - بۇيان ئىتتىرىلىپ يۈرۈپتۇ، لەھەڭ - كىتلارنىڭ يەمگە تەشنا ئېغىزلىرى ئۇنى ئاستىدىكى تاختاي بىلەن قوشۇپ يالماپ يۇتۇشقا تەييارلىنىپتۇ.

دەل شۇنداق خەتەرلىك بىر پەيتتە، تۇيۇقسىز نەچچىلىگەن يۇنۇس بېلىقلىرى ھەر تەرەپتىن ئۈزۈپ كېلىشىپتۇ - دە، شاھزادە ئەكبەرنى ئەجەل ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ، ئۇلاردىن بىرى ئۇنى ئۈستىگە ئېلىپ، قالغانلىرى ئەتراپىنى ئوراپ قوغداپ ئېلىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار كۆكرىكىگىچە دېڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بېلىق قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختاپتۇ.

— ئاھ! مېنىڭ ياخشى جانىۋارلىرىم، ياخشى دوستلىرىم، — دەپتۇ بېلىق قىز يۇنۇس بېلىقلىرىنى بىر-بىرلەپ سۆيۈپ تۇرۇپ، — سىلەر بەك ياخشى ئىش قىپسىلەر، ئەمدى ئۇنى بىز كىچىك ئارالغا، مەلىكىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارايلى.

يۇنۇس بېلىقلىرى ئەمدى بېلىق قىزغا ئەگىشىپ، كىچىك ئارالغا بېرىپتۇ، بېلىق قىز شاھزادە ئەكبەرنىڭ گەۋدىسىدىن ئىتتىرىپ ئارال قىرغىقىغا چىقىرىپتۇ.

— ئاھ! بىچارە شاھزادەم ، — تاشقا ئايلانغان قىزنىڭ گەۋدىسىدىن شۇنداق سادا كەپتۇ، — ئۇنىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىغا مەن سەۋەبچى.

ئۇ شۇنداق دەۋاتقانىدا ياشلىرى تاشقا ئايلانغان كۆز چاناقلىرىدىن سىرغىپ، شاھزادە ئەكبەرنىڭ يۈزلىرىگە چۈشۈپتۇ، شاھزادە ئەكبەر ھوشىغا كېلىپ، ئاستا - ئاستا كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ. ئۆزىنى كىچىك ئارالدا تاشقا ئايلىنىپ قالغان مەلىكىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ - دە:

— ئاھ! مېنىڭ مەلىكەم، سۆيۈملۈك مەلىكەم، مەن سېنى كۆرگىلى كەلدىم،— دەپتۇ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ.

ئۇنىڭ بۇلاقتەك قارا كۆزلىرىدىنمۇ ياش تامچىلىرى تاشقا ئايلانغان مەلىكىسىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپتۇ. شۇ ھامان ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، نېمە ئىش دەمسىز، قىزنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىدىن بىر قارا تۈتەك - تۇمان كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ گۈزەل، ھۆسن - جامالىدىن 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ھالەتتە ئەسلىگە كەپتۇ، شاھزادىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى، مەلىكىسى رەھىمەگە ئۆزگىرىپتۇ.

ئۇ شاھزادىنىڭ قۇچاقلىرىغا ئۆزىنى تاشلىغاندىلا، ئاندىن بۇ كارامەت مۆجىزىدىن داڭ قېتىپ قالغان شاھزادە ئېسىگە كېلىپ، چەكسىز خۇشاللىق ۋە مېھىر - مۇھەببەتتى بىلەن ئۇنى باغرىغا بېسىپتۇ، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ نەقەدەر خۇشال بولغانلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش ياكى قەلەم بىلەن ئىپادىلەشكە ھەركىم ئاجىز كېلەركەن.

— مۇبارەك بولسۇن، ئەسلىگىنىڭگە كەلگىنىڭگە، — دەپتۇ بىلىق قىز چاۋاك چېلىپ.

— مۇبارەك بولسۇن، ئەسلىگە كەلگىنىڭگە، — دەپتۇ شۇچاغ ئارالنى تېخى ھارىرلا تېپىپ كەلگەن بۈركۈتمۇ ئاسماندا تۇرۇپ.

— شۇ چاغدىلا بەخت قوينىدىكى بۇ بىر جۈپلەر بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپتۇ ، خىجىللىق ۋە ھاياجان تۈپەيلى ئۇلارنىڭ تىللىرى سۆزگە كەلمەي قاپتۇ.

— بىز ئەمدى قۇرۇقلۇققا قايتايلى، — دەپتۇ بۈركۈت،— پايانسىز دېڭىزدا بۇ كىچىك ئارالنى تاپالماي تېنەپ ئۇچۇپ يۈرۈپ، مانا ھازىرلا — بۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردا سىلەرنى مۇبارەكلەشكە ئۇلگۈرۈپ كېلەلىدىم، ئەمدى بىرىپ جادۇگەر دەللىدىن ھېساب ئالايلى.

— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر.

بېلىق قىز شاھزادە ئەكبەر بىلەن رەھىمەنى بىردىن بۇنۇس بېلىقىغا مىندۈرۈپ قويۇپتۇ، ئۆزى بولسا ئالدىدا يول باشلاپ، بۈركۈت ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرۈپ، قۇرۇقلۇق تامان يول ئاپتۇ.

ئەمدىكى سەپەر تولىمۇ ئوڭۇشلۇق بوپتۇ، دېڭىز مەلىكىسى — بېلىق قىز سەۋەبلىك ھېچبىر دېڭىز مەخلۇقى ئۇلارغا چېقىلماپتۇ، دولقۇنلارمۇ تىنجىپلا قاپتۇ، ئۇلار ئاخىر تىنچ - ئامان قۇرۇقلۇققىمۇ يېتىپتۇ، شاھزادە ئەكبەر، رەھىمە ۋە بۈركۈتلەر بۇ گۈزەل بېلىق قىزغا كۆپ تەشەككۈرلەر ئېيتىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، جادۇگەر دەللىنىڭ ماكانى تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئۇلار يۇرۇپتۇ، يۇرۇپتۇ، ئاخىر كەچ كىرگەندە ھېلىقى جاڭگالغىمۇ يېتىپتۇ، شۇ ھامان كىچىككىنە پانۇسلارنى كۆتۈرۈۋالغان قوڭغۇزلار ھازىر بولۇپ، ئۇلارنى جادۇگەر كەمپىرنىڭ كەپىسى تەرەپكە باشلاپ مېڭىپتۇ، ئۇلار كەپە ئالدىغا بېرىپتۇ.

شۇ چاغ كەپىدىن:

— كېلىڭلار قوزىلىرىم، بەك گۆش سېغىنىپ تۇراتتىم،— دېگەن خىرقىراق ئاۋاز كەپتۇ.

بىراق، شاھزادە ئەكبەرمۇ، رەھىمەمۇ قىمىرلاپ قويماپتۇ، بەلكى شاھزادە ئەكبەر توۋلاپتۇ:

— جادۇگەر دەللە، بۇياققا چىقە، سەن بىلەن ھېسابلاشقىلى كەلدۇق.

— توۋلىما قوزام! — دەپتۇ جادۇگەر كەمپىر كەپىدىن دوڭغاقلاپ چىقىۋېتىپ خىرقىراپ كۈلۈپ، — ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئىشىكىم ئالدىغا كەلگەندىكىن چىقساممۇ چىقاي، مانا ھازىرلا كاۋاپ بولىسەن، ئاندىن بىر ۋاقلىق ئەڭ مەززىلىك تامىقىم بولىسەن.

ئۇ شۇنداق دەپ قولىنى يەرگە شىلتىپتۇ ، شۇ ھامان يەر يۈزىنى ئوت يالقۇنلىرى قاپلاپ، شاھزادە ئەكبەر بىلەن رەھىمەگە ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ، بىراق شۇ زامان:

— مانا مەن بار ! — دېگەن سادا بىلەن تەڭ شاھزادە ئەكبەرنىڭ كىچىككىنە قاپىقىدىن كىچىك دەريا سۈيى ئېقىپ چىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىردەمدىلا يەر يۈزىنى تىزغىچە كېلىدىغان سۇ قاپلاپتۇ، ئوتمۇ غايىب بوپتۇ، جادۇگەر دەللىنىڭ كەپىسمۇ غۇلاپ چۈشۈپتۇ.

— قېنى سەن ئوغلۇم، ئۇلارنى تۇت! — تووۋلاپتۇ جادۇگەر دەللە يەنە.

شۇ ھامان ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆڭكى كۆمۈردەك قارا، ھەيۋەت بىر دىۋە پەيدا بوپتۇ ـ دە، شاھزادە ئەكبەر بىلەن رەھىمەنى تۇتماقچى بوپتۇ، ئەمما دەل شۇ چاغدا شاھزادە ئەكبەرنىڭ قوينىدىن چاشقانچىلىك ئېيىق:

— مانا مەن بار،— دېگىنىچە سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە، غايەت يوغان بىر ئېيىققا ئايلىنىپ دىۋىگە تاشلىنىپتۇ، دىۋە بىلەن ئېيىق دەھشەتلىك جەڭگە چۈشۈپتۇ.

جادۇگەر دەللە ئەمدى بېگانە قالغاندىن كېيىن، پىچىرلاپ ئارقىمۇئارقا ئەپسۇن ئوقۇپتۇ، بىراق ئەپسۇنىنىڭ ھېچبىرى كار قىلماپتۇ، شاھزادە ئەكبەردىكى ئاق كۆگۈل سېھىرگەر موماي بەرگەن خىسلەتلىك ھاۋا رەڭ گۈلدىن نۇر چاقناپ، ئۇنىڭ سېھىر ـ جادۇلىرىنى قايتۇرۇپ تۇرۇپتۇ، جادۇگەر دەللە ئامالسىز جىنىنى ياقىغا ئالماق قەستىدە ھاسىغا مىنىپ ئۇچۇپ كەتمەكچى بولغانىكەن، بۈركۈت قاناتلىرى بىلەن ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپتۇ، جادۇگەر دەللە قاچالمىغاندىن، شاھزادە ئەكبەرگە تاشلىنىپتۇ ـ دە، جەڭ باشلاپتۇ، ئۇلار ئېلىشىپتۇ، چېلىشىپتۇ، شاھزادە ئەكبەر بارغانسېرى جاسارەتكە تولۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ، جادۇگەر دەللىنى ئاخىر چېپىپ تاشلاپتۇ، دەل شۇ مىنۇتتا ئېيىقمۇ دىۋىنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە يوللاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۈركۈت خوشلىشىپ ئۆز ئۇۋىسىغا، ئېيىق خوشلىشىپ ئورمانلىققا، كىچىك دەريا خوشلىشىپ ئۆز ئېقىنىغا قايتماقچى بوپتۇ، شاھزادە ئەكبەر بىلەن رەھىمە

ئۇلارنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ـ تەشەككۈرلەر ئېيتىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

— ئەمدى بىز قەيەرگە بارىمىز؟ — سوراپتۇ رەھىمە شاھزادە ئەكبەردىن.

— سىزنىڭ يېزىڭىزغا، — دەپتۇ شاھزادە ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ، — ئۇردا بىزگە بەختلىك تۇرمۇش ئاتا قىلالمىدى، بىز ئەمدى بەختلىك تۇرمۇشنى يېزىڭىزدىن، ئۆز ئەمگىكىمىز بىلەن تاپىمىز، مەن يەر تېرىشنى ئۆگىنىپ، سىزنى ئۆز مېھنىتىم بىلەن باقىمەن.

— مەنمۇ بىكار تۇرماي گىلەم توقۇيمەن، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىمەن، يەنە سىزگە ئوماق باللارنى تۇغۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ رەھىمە خۇشاللىق بىلەن.

— ياخشى! — دەپتۇ شاھزاد ئەكبەر، — بىز ئاق كۆڭۈل كىشلەر ئارىسىدىلا كۆڭۈللۈك ياشىيالايمىز، بىز ھازىرلا يېزىڭىزغا بارايلى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قول تۇتۇشۇپ رەھىمەنىڭ يېزىسى تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ ۋە يېڭى بىر ھايات مۇساپىسىنى باشلاپتۇ.



# خرۇستال شاھزادە

تولۇن ئاي نۇرلىنىپ تۇرغان ئايدىڭ كېچە، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تاقاشقان غايەت ئېگىز بىر مۇنار، مۇنار ئۈستىدە يېگانە بىر ھۇجرا، ھۇجرىدا كۆزلىرى كۆپكۆك ياقۇتتىن، لەۋلىرى قىپقىزىل مارجاندىن ياسىلىپ، قالغان قىسمى شاھزادىلىك زەر تاج ئاستىدىكى بۇدۇر چاچلىرىدىن تارتىپ، نەقىشلىك ئۆتۈكلىرىگىچە، ھەتتا مۈرىسىدىن يېپىلىپ چۈشۈپ، شامالدا يەلپۈنۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان يوپۇقىنىڭ پەشلىرىگىچە سۈپسۈزۈك خرۇستالدىن پۈتۈلگەن بىر ھەيكەل، ھەيكەلنىڭ سول قولىدا مەڭگۈ سولاشمايدىغان بىر تال چوڭ قىزىل ئەتىرگۈل ...... گويا ئۇنى ھېلىلا ئۈزۈۋېلىپ مەھبۇبىغا سۇنماقچى بولغاندەك بىر ھالەتتە تۇرغانىكەن.

ئۇنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ شۇنداق سوئال سورىغۇسى كېلىدىكەن:

— ئۇ ھەيكەلتىراشنىڭ نادىر ئەسىرىمىدۇ ياكى قەبىھ جادۇگەرنىڭ سېھىر - ئەپسۇنلىرى شۇملۇقىدىن جىسمى خرۇستالغا ئايلىنىپ قالغان بىر بەختسىز شاھزادىمىدۇ؟

— ئۇ نەقەدەر كېلىشكەن ۋە نەقەدەر خۇش سۈرەت -

ھە؟ ھەيكەل بولماي جانلىق بىر ئىنسان بولغىنىدا سانسىزلىغان قىزلار قەلبىدە ئىشىق ئوتلىرىنى گۈلخان قىلغۇدەك.

ئەمما، ئۇ بىر ھەيكەل - دە، ۋادەرىخ! ئەسلى قانداقلىقىنى كىم بىلسۇن، بىراق سۆتتەك ئايدىڭ شۇ كېچە، غېرىبسىنىپ تۇرغان بۇ ھەيكەل ئالدىغا بىر مېھمان، توغرىسى ئاجايىپ خۇش قامەت ۋە تەڭداشسىز گۈزەل بىر مەلىكە چىقىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ قولىدا گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان ئەتىرگۈللەردىن ياسالغان بىر گۈلچەمبىرەك بار ئىكەن.

— ئاھ! قەدىرلىك شاھزادەم، — شىۋىرلاپتۇ ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن خىرۇستال ھەيكەلنى باغرىغا بېسىپ،— ئاخىر يەنە سىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۇم، قاچانغىچە شۇ ھالەتتە تۇرارسىز، سىزنى شۇ ھالغا سالغان ياۋۇز جادۇگەرگە لەنەت...... ئۇ بىزنى ئايرىۋەتتى، سىزنى بۇنداق بەختسىزلىككە دۇچار قىلدى، مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا بويسۇنمايمەن، ئاداققى مىنۇتلارغىچە سىزنى كۈتىمەن......

ئۇ گۈلچەمبىرەكنى خىرۇستال ھەيكەلنىڭ تاج قوندۇرۇلغان بېشىغا كىيدۈرۈپتۇ، يەنە نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلاپتۇ، بىراق ھەيكەلنىڭ ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى ئويلىدىمۇ، ئەيتاۋۇر كۆز يېشى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپتۇ...... ئەمما، قايغۇ ۋە شادلىق ئارىلاشقان بۇ مىنۇتلىرى ئۇزاققا بارماپتۇ، ئۇ يىراقتىن بىر مۇدھىش قارا بۇلۇتنىڭ تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ كېلىۋاتقىنىنى سەزمەيلا قاپتۇ.

مۇدھىش قارا بۇلۇتنى كۆرگەن يۇلتۇزلارنىڭ رەڭگى

ئۆچۈپ، تولۇن ئاي پىنھان بوپتۇ، زۇلمەت پەردىسى يېيىلىپتۇ، قارا بۇلۇت مۇنارغا يېقىنلاپمۇ كەپتۇ ۋە:

— ھى- ھى - ھى! بۇ يەردىمىدىڭ، سوقۇلۇپلا كەتسە چۇل- چۇل بولۇپ كېتىدىغان تاش ھەيكەل ھەرگىزمۇ ساڭا نىجاتكار بولالمايدۇ، ھەي ئەخمەق مەلىكە،— دېگەن سەت بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ - دە، ئارقىدىنلا دەھشەتلىك قۇيۇن بىلەن تەڭ، غايەت زور بىر قارا قول سوزۇلۇپ كېلىپ، ۋەھىمىدە ئېسىنى يوقاتقان مەلىكىنى قۇشقاچنى سىقىملىغاندەك تۇتۇپ يېنىپتۇ، مەلىكىنىڭ ناله- زارى كۆك قەرىنى يېرىپ ئۆتۈپتۇ، ھەتتا خىرۇستال ھەيكەلمۇ غەزەپلەنگەندەك جىغىلداپ كېتىپتۇ.

— خەير! سېنى بۇ شەھەرگە مەڭگۈلۈك خاتىرە بۇيۇم قىلىپ قالدۇراي، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ، ئاندىن يەنە، — كۆرگەنلەر كۆچلۈكلەرگە بوي ئەگمەسلىك نەقەدەر خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇشسۇن.

شۇنىڭ بىلەن قارا بۇلۇت ئاستا - ئاستا غايىب بولۇپ، تولۇن ئاي قايتىدىن نۇرلىنىپ، يۇلتۇزلار جىلۋە قىلىشقا باشلاپتۇ، يۇز بەرگەن ھادىسىنى تىلسىز ئاي - يۇلتۇزلار ۋە خىرۇستال شاھزادىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەپتۇ.

بىراق، شۇنىڭدىن كېيىنكى كېچىلەر، يىراق - يىراقلاردىن مۇڭداق بىر مۇڭ - زارلىق كۈي - نەزم ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ:

بىر تېنىم كۆرمىڭ تىكەن، دەشتى بالادۇر بۇ دىيار،
غەم ئوتىدا سەرۋىدەك قەددىم بولۇپ قىل تولغىنار.

بىر تىلىم يۇزمىڭ پىغان ئۇنلىتەر جان ۋەھىمدە،
نەكى جان، جاندىن ئەزىز ئول يار ئۇچۇن بوپ ئىنتىزار.
يوقتى ئارمان، بىر كۆرۈپ نۇرلۇق جامالى شولىسىن،
كەپتەرى جانىمنى ئاندىن شۇم ئەجەل قىلسا شىكار.

بۇ كۆي بارغانسېرى ئېنىق ۋە تاشىنىمۇ ئېرىتىپ سۇ قىلغۇدەك مۇڭلۇق ئاڭلىنىۋېرىپتۇ، ئۇنىڭ قاياقتىن ۋە نېمە سەۋەبتىن كېلىۋاتقان مۇڭ - زار ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەپتۇ. ئەمما، بىر كېچىسى خىرۇستال ھەيكەل كۆكسىدە بىر قىزغۇچ نۇر جىلۋىلەپ، بارا - بارا مۇشتۇمدەك بىر چوغ زاھىر بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ خىرۇستال ھەيكەل گويا جان كىرىپ قالغاندەك، ئاستا - ئاستا قەدەم يۆتكەپ، مۇناردىن تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ، مۇناردىن ۋە كېچە سۈكۈناتىغا تولغان شەھەردىنمۇ چىقىپتۇ، تۈن پەردىسى قايرىلغان بىر مەزگىلدە بولسا كەڭ دالىغا يېتىپتۇ، دالا يۈزى ياۋا گۈل - گىياھلارغا پۈركەنگەن، پەقەت تارغىنە بىر چىغىر يول ئۇنىڭ باغرىدا يىراق - يىراقلارغا سوزۇلغان، ئەمما ئۇزاقتىن بېرى ئادەم ماڭغاندەك بىر ئىز يوق، يېڭى كۆكلىگەن گۈل-گىياھلار چىغىر يولنى ئۇ يەر -بۇ يەردىن ئۈزۈپ قويغان.

خىرۇستال شاھزادە كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشىنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا سۈپسۈزۈك جىسمىنى ئوتقاشتەك نۇرلاندۇرۇپ، ئاستا قەدەملەر بىلەن شۇ چىغىر يولغا چۈشۈپ يولنى داۋام قىپتۇ، گويا كۆپكۆك ياقۇتتىن ياسالغاندەك كۆزلىرى ھەممىنى كۆرىدىغاندەك، ئاۋايلاپ قەدەم باسقىنى ئۇچۇن ھېچبىر گىياھ ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدا چەيلىنىپ قالماپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە شۇ ھالەتتە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا چوغدەك قىزىل رەڭدە پورەكلەپ ئېچىلىپ، دالا يۈزىنى قاپلىغان چوغلۇقزارلىققا دۇچ كەپتۇ، سەلكىن شامالدا تەۋرىنىپ تۇرغان چوغلۇقلاردىن شۇنداق بىر سادا كەپتۇ:

زەپ چىرايلىق چوغلۇق بىز،
دەسسىۋەتمە بىزلەرنى.
كەڭ دالىنىڭ كۆركى بىز،
چەيلىۋەتمە بىزلەرنى .
جىسمىڭ ئىكەن سۈزۈك تاش،
باشقا ياقتىن ماڭ ئاداش.

بىراق، خىرۇستال شاھزادە ئاڭلىمىغاندەك مېڭىۋېرىپتۇ، ئەمما چوغلۇقلارنى دەسسەپ-چەيلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئاۋايلاپ مېڭىپ، يۈرۈشى ئاستىلاپتۇ ، چوغلۇقلار ئاخىر ئىككى تەرەپكە قايرىلىپ، بىر يول ئېچىپ بېرىپتۇ. خىرۇستال شاھزادە شۇ يەردىن بىمالال ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بىر تالمۇ چوغلۇق دەسسىلىپ كەتمەپتۇ.

شۇ چاغ ئەڭ يوغان، ئەڭ چىرايلىق پورەكلەپ ئېچىلغان قىزىل چوغلۇقتىن سادا كەپتۇ:

— ئۇ نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ ھېچبىرىمىزنى دەسسىۋەتمىدى، ئەپسۇس، مېنى ئۈزۈۋالمىدى، ئۈزۈۋالغان بولسا سەپىرى ئۈستىدە ئەسقېتىپ قالار ئىدىم، ئەمدى بۇ يەردە بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ ئۆتۈۋېرىدىغان بولدۇم - دە.

— مەن ساڭا ياردەم قىلاي! — دېگەن سادا كەپتۇ ئاسماندىن.

— سەن كىم؟ — سوراپتۇ قىزىل چوغلۇق ئاسمانغا يۈزلىنىپ.

— مەن ئۈنىڭ ئايرىلماس دوستى، — شۇنداق دەپ ئالتۇن تۇمشۇقلۇق، كۈمۈش پۈتلۈق، بويى ئۈچ غېرىچچە، تاجىسى يېرىم غېرىچچە، قاردەك ئاق، تاۋاردەك پارقىراق پەيلىك بىر ئاق شاتۇتى شۇڭغۇپ چۈشۈپتۇ ـ دە، قىزىل چوغلۇقنى ئۈزۈۋېلىپ ئاپىرىپ، خىرۇستال شاھزادىنىڭ بېشىدىكى گۈلچەمبىرەككە قىستۇرۇپ قويۇپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە يەنە يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، بىر چاغدا گاھى قوغلىشىپ، گاھى توختىشىپ، گاھى ياۋا گۈللەرگە قونۇشۇپ، پۈتكۈل دالا يۈزىنى بىر ئالغان سان ـ ساناقسىز، رەڭگارەڭ كېپىنەكلەرگە دۇچ كەپتۇ، خىرۇستال شاھزادىنى كۆرۈپلا پاراكەندە بولۇشۇپ كەتكەن كېپىنەكلەردىن بىردەك شۇنداق سادا كەپتۇ:

كەڭ دالىنىڭ ئەركىسى بىز ،
ئۈركۈتمىگىن بىزلەرنى.
زەپ گۈزەل ماكانىمىز،
چەيلىمىگىن گۈللەرنى.
جىسمىڭ ئىكەن سۈزۈك تاش،
باشقا ياقتىن ماڭ ئاداش.

بىراق، خىرۇستال شاھزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك

مىڭغۇىرىپتۇ، ئەمما نە بىر كىيىنەككە ئازار قىلماي، نە بىر تال گىياھقا دەسسەپ سالماي، ئاۋايلاپ مىڭىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— ئۇ نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ — دەپتۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ چىرايلىق بىر كىيىنەك، — ھېچبىرىمىزگە ئازار قىلمىدى، مەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولايچۇ، بەلكىم سەپىرىدە ئەسقېتىپ قالارمەن.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ بېرىپ، خىرۇستال شاھزادىنىڭ بېشىدىكى گۈلچەمبىرەكتىن، چوغلۇق گۈلى يېنىدىن ئورۇن ئاپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر توغرىسىغا كۆز يەتكۈسىز ئېگىز تاغ، قارلىق چوققىلارغا دۇچ كەپتۇ.

— ئۇ ئەمدى قانداق قىلار؟ — دەپتۇ چوغلۇق غەم قىلىپ.

— ئۇ ئەمدى قانداق ماڭار؟ — دەپتۇ كىيىنەكمۇ قايغۇرۇپ.

ئۇنىڭ ئىرادىسى ئالماستەك قاتتىق، تاغ ئېگىز بولسىمۇ قەيسەرلىك بىلەن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دەپتۇ ئاق شاتۇتى ئىشەنچ بىلەن.

خىرۇستال شاھزادە تەمتىرىمەستىن ئالغا قەدەم تاشلاپتۇ، تاغ يولى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ۋە ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ، پەقەت سۇرئىتى ئاستىلاپ قاپتۇ، خالاس.

ئۇ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مۇشەققەت ئىچىدە يۇقىرى ئۆرلەپ مېڭىۋېرىپتۇ، قانچىلىك ۋاقىت شۇنداق ماڭغىنى

نامەلۇم، ئاخىر ئاق قار، كۆك مۇزلۇق چوققىغا يېتىپتۇ، چوققىدا سان - ساناقسىز قار لەيلىسى قار - مۇزلار باغرىنى يېرىپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ئۇلاردىن بىردەك مۇنداق سادا كەپتۇ:

قاردەك ئاپپاق لەيلەبىز ،
دەسسۋەتمەڭ بىزلەرنى.
قارلىق تاغنىڭ كۆركى بىز ،
چەيلىۋەتمەڭ بىزلەرنى.
جىسمىڭ ئىكەن سۆزۈك تاش،
باشقا ياقتىن ماڭ ئاداش.

بىراق، خىرۇستال شاھزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىمىغاندەك مېڭىۋېرىپتۇ، ئەمما بىرتالمۇ قار لەيلىسىنى دەسسەپ-چەيلىۋەتمەپتۇ.

— ئۇ نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ — دەپتۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۆركەم ئېچىلغان قار لەيلىسى،— بىرىمىزنىمۇ دەسسۋەتمىدى، مېنى ئۈزۈۋالغان بولسىچۇ، سەپىرىدە ئەسقېتىپ قالار ئىدىم، ئەپسۇس، ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى-دە.

— مەن ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپتۇ ئاق شاتۈتى شۇڭغۇپ چۈشۈپ، — دوستلار كۆپەيسە، ئۇچرىغان مۈشكۈلاتلارنى يەڭمەك ئاسانراق بولغۇسى.

ئۇ قار لەيلىسىنى ئۈزۈۋېلىپ، خىرۇستال شاھزادىنىڭ بېشىدىكى گۈلچەمبىرەككە، چوغلۇق، كېپىنەكلەر قېشىغا

قىستۇرۇپ قويۇپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە ئاخىر قارلىق تاغلاردىنمۇ ھالقىپتۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا نە بىر گىياھ، نە بىر جانلىقتىن ئەسەرمۇ يوق پايانسىز جەزىرە قۇچاق ئېچىپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە يەنە توختىماي مېڭىپتۇ، چۆل قوينىدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىزلىرى قاپتۇ، ئەمما مەنزىلدىن نىشانە بولماپتۇ، شۇنداقتىمۇ يولىنى داۋام قىپتۇ.

— ئۇ قاچانمۇ توختار ؟ — دەپتۇ چوغلۇق تاقەتسىزلىنىپ .

— ئۇ قەيەردە توختار؟ — دەپتۇ كېپىنەك تەقەززالىق بىلەن.

— ئۇ نەگە بارماقچىكىنە؟ — دەپتۇ قار لەيلىسى ئەجەبلىنىپ.

— ئۇنىڭ چىدام - غەيرىتى زور، — دەپتۇ ئاق شاتۇتى، — ئۇنىڭ مەنزىلى تېخى ئالدىدا، يول ئۇزۇنراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇشۇ غەيرىتى بىلەن ئاخىر مەنزىلگە يېتىدۇ.

خىرۇستال شاھزادە شۇنداق مېڭىۋېرىپتۇ، بىر ۋاقىتتا يىراق - يىراقلاردىن ئاسمانغا تاقاشقان بىر تىك چوققا ۋە چوققا ئۈستىدە بۇلۇت - تۇمانلارغا ئورالغان بىر قەلئە خىرە - شىرە كۆرۈنۈپتۇ.

— ئۇنىڭ مەنزىلى شۇ بولسا كېرەك؟ — دەپتۇ چوغلۇق.

— يېقىنلاشقاندەك قىلىمىز، — دەپتۇ كېپىنەك خۇشال بولۇپ.

— ئۇ يەردە نېمىلەر باردۇ؟ — دەپتۇ قار لەيلىسى قىزىقىپ.

ئاق شاتۇتى ئۈندىمەپتۇ، لېكىن ئۇ يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلىغاچ ماڭىدىكەن، تۇيۇقسىز ئۇ:

— دوستلار! خىرۇستال شاھزادىمىز خەتەرگە دۇچ كەلگەندەك تۇرىدۇ، — دەپتۇ پەرىشانلىق بىلەن.

— قانداق خەتەر؟ — سوراپتۇ چوغلۇق، كېپىنەك، قار لەيلىسى بىردەك ئەنسىزلىنىپ.

— تېخى بىلمىدىم، — دەپتۇ ئاق شاتۇتى غەمكىنلىك بىلەن.

خىرۇستال شاھزادە مېڭىۋېرىپتۇ، ئۇ بىرەر خەتەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمىغاندەكلا ئىكەن، چوغلۇق، كېپىنەك، قار لەيلىسى ۋە ئاق شاتۇتى ھاۋانىڭ بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

— مەن پەقەتلا چىدىمىدىم، — دەپتۇ چوغلۇق ئاخىر تاقەتسىزلىنىپ.

— مەنمۇ شۇ، — دەپتۇ كېپىنەكمۇ، — نېمانچە قاتتىق سوغۇق بۇ.

— چىدامسىز بولۇشقا بولمايدۇ، — دەپتۇ قار - مۇزلۇقتا ئۆسكەن قار لەيلىسى.

ئاق شاتۇتى يەنىلا ئۈندىمەپتۇ، ئۇنىڭ ئوي - خىيالى دۇچ كېلىدىغان خەتەردىن قانداق قۇتۇلۇشتا ئىكەن.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا دەھشەتلىك جۇت - شىۋىرغان ئۇشقىرتىپ، تۇخۇمدەك - مۇشتۇمدەك مۆلدۈرلەر يېغىشقا باشلاپتۇ، يەر يۈزى بىر قەۋەت مۇز بىلەن قاپلىنىپتۇ، خىرۇستال شاھزادىگە مېڭىش مۇمكىن بولماپتۇ، چۈنكى ئۇ

تېزلا مۇز بىلەن قورشىلىپ، يەنە تېزلا ئۆزىدەكلا سۇپسۇزۇك مۇز بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ قالغانىكەن.

— ئاھ ! بىچارە خىرۇستال شاھزادە، — دەپتۇ ئاق شاتۇتى ھەسرەت بىلەن، — كۆز ئالدىدا تۇرغان مەنزىلگە ئەمدى مەڭگۈ يېتىپ بارالماي، ئارماندا كېتىدىغان بولدى - دە.

بۇ چاغ يىراق - يىراقلاردىن يەنە كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر كۈي يېتىپ كەپتۇ:

بىر تېنىم كۈرمىڭ تىكەن، دەشتى بالادۇر بۇ دىيار،
غەم ئوتىدا سەرۋىدەك قەددىم بولۇپ قىل تولغىنار.
بىر تىلىم يۈزمىڭ فىغان ئۈنلىتەر جان ۋەھمىدە،
نەكى جان، جاندىن ئەزىز ئول يار ئۈچۈن بوپ ئىنتىزار.
يوقتى ئارمان، بىر كۆرۈپ نۇرلۇق جامالى شولىسىن،
كەپتىرى جانىمنى ئاندىن شۇم ئەجەل قىلسا شىكار.

مۇڭ - زارلىق بۇ كۈي ساداسى بارغانسېرى كۈچىيىپ، قات - قات مۇز ئىچىدە قالغان خىرۇستال شاھزادىگىمۇ تەسىر قىپتۇ - دە، ئۇ بىرلا كۈچىنىپ ئۈستىدىكى مۇز قەۋەتلىرىنى پارچىلاپ، ئالغا قاراپ قەدەم بېسىپتۇ، ئەمما مىڭبىر مۇشەققەت ئىچىدە ئون نەچچە قەدەم بېسىپلا يەنە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان جۇت - شىۋىرغان ۋە تاراسلاپ يېغىۋاتقان مۆلدۈر ئىچىدە، قات - قات مۇز ئاستىغا كۆمۈلۈپ قاپتۇ، مۇز قەۋەتتى قېلىنلاپ، تېزلا يەنە بىر كىچىك تاغ ھاسىل قىپتۇ، ھەرقانچە كۈچەشلەرمۇ ئەمدى كار قىلماپتۇ.

— ئاھ! بىچارە خىرۇستال شاھزادە، ئەلۋىدا! — دەپتۇ

مۆلدۈر سوقۇپ جىنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئاق شاتۇتى، — لەنىتى جۇت - شۇۋرغان، رەھىمسىز مۆلدۈر ھەممەيلەننى نابۇت قىلىدىغان بولدى.

يىراقلاردىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق كۈي، جۇت - شۇۋرغانلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ ئېنىق ۋە تېخىمۇ مۇڭلۇق ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ:

بىر تېنىم كۈرمىڭ تىكەن، دەشتى بالادۇر بۇ دىيار،
غەم ئوتىدا سەرۋىدەك قەددىم بولۇپ قىل تولغىنار.
بىر تىلىم يۈزمىڭ پىغان ئۆلتەر جان ۋەھمىدە ،
نەكى جان، جاندىن ئەزىز ئول يار ئۈچۈن بوپ ئىنتىزار.
يوقتى ئارمان، بىر كۆرۈپ نۇرلۇق جامالى شولىسىن،
كەپتىرى جانىمنى ئاندىن شۇم ئەجەل قىلسا شىكار......

خىرۇستال شاھزادە قاپسىلىپ قالغان مۇز تاغدىن ئۈنىڭ ھەسرەت - نادامەتلىك جىرىلىدىغان ئاۋازى كەپتۇ، بارغانسىرى زورىيىۋاتقان مۇز تاغ ئىچىدىن ئەمدى ئۈنى كىممۇ قۇتقۇزالىسۇن.

— بۇ بۇرۇقتۇرمىچىلىقتىن جاق تويدۇم، — دېگەن بىر سادا كەپتۇ بىر چاغدا مۇز تاغ ئىچىدىن.

چۈنكى، نېمە ئۈچۈندۇر مۇز قەۋىتى چوغلۇق گۈلگە پېپىشماي، بەلكى چوغلۇق بىلەن مۇز ئارىلىقىدا بىر كىچىك بوشلۇق قالغانىكەن، شۇ بوشلۇق ئىچىدىن شۇنداق بىر سادا ياڭراپتۇ:

كېلىڭلار دوستلىرىم! كېلىڭلار بۇيان،
چىن دوستلۇق مېھرىنى قىلىڭلار ئايان.
چوغلۇق بىز، چوغلىنىپ يانايلى تېزرەك،
ئېرىسۇن قار - مۇزلار، يىتسۇن شىۋىرغان.

ناخشا ساداسى يىراق - يىراقلارغا، ئالەمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تاراپ كېتىپتۇ، بىرچاغدا سەلكىن باھار شامىلى قوزغىلىپ، تەرەپ - تەرەپلەردىن سانسىزلىغان چوغلۇقلارنى ئۇچۇرۇپ كەپتۇ، تېزلا يەر يۈزى، ۋە مۇزتاغ ئۈستى چوغلۇق بىلەن قاپلىنىپتۇ، ئۇشقىرتىپ چىقىۋاتقان جۇت - شىۋىرغان ۋە تاراسلاپ يېغىۋاتقان مۆلدۈر ئۇلارنى نابۇت قىلالماپتۇ، بەلكى چوغلۇقلار يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقاشلارغا ئايلىنىپ، نۇر ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىپ، مۇز - مۆلدۈرلەرنى ئېرىتىۋېتىپتۇ، جۇت- شىۋىرغاننى قوغلاپ، باھار ئاپتىپىدەك ئىللىقلىق بېغىشلاپتۇ.

بارا - بارا كۆكنى قاپلىغان مۇدھىش بۇلۇت - تۇمانلار تارقىلىپ، كۈلۈپ تۇرغان قۇياش زاھىر بولۇپ، ئاستا - ئاستا خىرۇستال شاھزادىنى ئارىغا ئېلىپ، بىر گەۋدىلىشىۋالغان مۇز تاغمۇ ئېرىپ كىچىكلەشكە باشلاپتۇ ۋە ئاخىر خىرۇستال شاھزادە بىرلا كۆچىنىپ چاراسلاپ يېرىلىپ، غۇلاپ چۈشۈپتۇ، ھەممە قار - مۇزلار ئاستا - ئاستا ئېرىپ، سۇ بولۇپ ئېقىپتۇ.

— رەھمەت ساڭا، — دەپتۇ ئاق شاتۇتى چوغلۇققا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— بىزگە نىجاتكار بولدۇڭ.

خىرۇستال شاھزادە يولنى داۋام قىپتۇ، چوغلۇق ئاق شاتۇتى، قار لەيلىسى ۋە كېپىنەك بىلەن خوشلىشىپ، شۇ يەردە ماكانلىشىپ قاپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا چوڭقۇرلۇقىغا كۆز يەتكۈسىز ۋە قاناتسىزلارغا ئەسلا ئۆتۈش مۇمكىن بولمىغان يېرىق بەلباغقا دۇچ كەپتۇ، ئۇنىڭ قەدىمى شۇ يەردە توختاپتۇ .

— ئەمدى ئۇ قانداق قىلار؟ — قار لەيلىسى، كېپىنەك، ئاق شاتۇتى تەڭلا غەمگە چۆكۈپتۇ، چۈنكى يولنى توغرىسىغا كېسىپ قويغان بۇ ھاڭدىن خىرۇستال شاھزادىنىڭ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس - دە.

شۇ چاغ يەنە ھېلىقى مۇڭلۇق كۈي كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراشقا باشلاپتۇ:

بىر تېنىم كۈرمىڭ تىكەن، دەشتى باالدۇر بۇ دىيار،
غەم ئوتىدا سەرۋىدەك قەددىم بولۇپ قىل تولغىنار.
بىر تىلىم يۈزمىڭ پىغان ئۇنلىتەر جان ۋەھمىدە،
نەكى جان، جاندىن ئەزىز ئول يار ئۈچۈن بوپ ئىنتىزار.
يوقتى ئارمان، بىر كۆرۈپ نۇرلۇق جامالى شولىسىن،
كەپتەرى جانىمنى ئاندىن شۇم ئەجەل قىلسا شىكار......

مۇڭ - زارلىق كۈي سېھرىي كۈچىدىن، خىرۇستال شاھزادىنىڭ سۈپسۈزۈك جىسمى ھېلىلا تاراسلاپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك جىغىلداپ كېتىپتۇ - دە، ئىختىيارسىز ئالغا

قەدەم تاشلاپتۇ.

— ئاھ! بىچارە خىرۇستال شاھزادە، — شىۋىرلاپتۇ ئاق شاتۇتى چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە تىپىرلاپ، — ئۇنىڭ خىرۇستال جىسمى ئەمدى ھاڭ ئاستىدا تىرىقتەك پارچىلىنىپ، چېچىلىپ ياتىدىغان بولدى - دە.

شۇ خەتەرلىك مىنۇتلاردا، كېپىنەكنىڭ ئىنچىكە ئاۋازلىق ناخشىسى ياڭراشقا باشلاپتۇ:

كېلىڭلار دوستلىرىم، كېلىڭلار بۇيان،
چىن دوستلۇق مېھرىنى قىلىڭلار ئايان.
بېرەيلى نىجاتلىق يېڭى دوستلارغا،
بىرلىكنىڭ كۈچىنى قىلىپ نامايان.

سەلكىن شامال ناخشا ساداسىنى يىراق - يىراقلارغا، ئالەمنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئېلىپ كېتىپتۇ، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي سان - ساناقسىز ۋە رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۇچۇپ كېلىشىپتۇ، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاسمان يۈزىنى كۆرۈشمۇ مۇمكىن بولماپتۇ، ئۇلار ھەممىسى بىردەك ھاڭ ئاستىغا قاراپ شۇڭغۇپتۇ - دە، ھاڭ ئاستىدىكى يوغان تاشلار بىلەن ئارىلىقى بىرەر غۇلاچچە قالغان خىرۇستال شاھزادىنى كىچىككىنە قاناتلىرىنىڭ يەلپۈنۈشى بىلەن چىققان شامال ئارقىلىق، يۇقىرىغا ئۆرلىتىشكە كۈچەپتۇ، بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان كېپىنەكلەر ئاخىر زىچ بىرلىشىپ، رەڭدار بۇلۇت ھاسىل قىلىپ توپلىشىپ، خىرۇستال شاھزادىنى ئاسمان - زېمىن ئارىلىقىچە كېلىدىغان چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئۇ لېۋىدىن يەنە

بىر لېۋىگە ئېلىپ چىقىپتۇ.

— رەھمەت سىلەرگە! — دەپتۇ ئاق شاتۇتى شاد - لىنىپ،— ئۆم - ئىناقلىقىڭلار كۈچىنى نامايان قىلدىڭلار، دوسلۇق مېھرىنى يەتكۈزدۈڭلار.

خىرۇستال شاھزادە يولنى داۋام قىپتۇ، ئاق شاتۇتى بىلەن قار لەيلىسى ئۇنىڭغا ھەمراھ بوپتۇ.

— بىز مۇشۇ يەردە ماكانلىشىپ قالىمىز ، — دەپتۇ كېپىنەكلەر ئۇلار بىلەن خەيرلىشىپ، — بۇ يەرنىمۇ گۈل- گۈلىستانلىققا ئايلاندۇرىمىز، سىلەرگە ئاقيول بولسۇن .

خىرۇستال شاھزادە مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مەنزىلگە يېقىنلاشقانسېرى، نېمە ئۈچۈندۇر ھاۋا قىزىپ كېتىپتۇ، قار لەيلىسى ۋايساشقا باشلاپتۇ:

— پاھ ! نېمىدېگەن ئىسسىق بۇ، مەن پەقەتلا چىدىمىدىم.

— چىداملىقراق بول، — دەپتۇ ئاق شاتۇتى تەسەللى بېرىپ، — مەنزىلگە ئاز قالدۇق، بۇ يەردىنمۇ ئۆتۈپ كېتىمىز.

بىراق يەنە ئۇزاققا بارمايلا ئاق شاتۇتى ئۆزىمۇ بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ، چۈنكى ئالدىغا ماڭغانسېرى ھاۋا ئوت يېقىلغان تونۇردەك قىزىپ كېتىپتۇ، ئاخىر شۇنداق بىر جايغا يېتىپتۇكى، يەر يۈزىدىن لاۋۇلداپ ئوت كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان، ئۆيدەك - ئۆيدەك تاشلارمۇ ئوت تەپتىدە تاراسلاپ يېرىلىپ، تېرىقتەك چېچىلىپ كېتىۋاتقۇدەك.

بۇ يەردە خىرۇستال شاھزادىنىڭ سۈپسۈزۈك جىسمىمۇ ئوت تەپتىدە ھېلىلا چاراسلاپ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك بىر

هالدا قاپتۇ، ئالدىغا مېڭىش مۇمكىن بولماپتۇ، ئەمما شۇ ۋاقىت يەنە ئۇنى چىللاپ ھېلىقى مۇڭلۇق بىر كۈي ياڭراشقا باشلاپتۇ.

بىر تېنىم كۆرمىگ تىكەن، دەشتى بالادۇر بۇ دىيار،
غەم ئوتىدا سەرۋىدەك قەددىم بولۇپ قىل تولغىنار.
بىر تىلىم يۈزمىگ فىغان ئۇنلىتەر جان ۋەھمىدە،
نەكى جان، جاندىن ئەزىز ئول يار ئۈچۈن بوپ ئىنتىزار.
يوقتى ئارمان، بىر كۆرۈپ نۇرلۇق جامالى شولىسىن،
كەپتەرى جانىمنى ئاندىن شۇم ئەجەل قىلسا شىكار.

خىرۇستال شاھزادە يەنە زور كۈچىنىشلەر بىلەن ئالغا قەدەم تاشلاپتۇ، شۇ ھامان ئۇنىڭ سۇپسۈزۈك جىسمى ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە قاپسىلىپ قاپتۇ.
— ئاھ ! بىچارە شاھزادەم، — دەپتۇ پەر ـ قاناتلىرى ئۆتلىنىپ، ئۆزى كاۋاپ بولۇپ قالايلا دەپ قالغان ئاق شاتۇتى ھەسرەت بىلەن، — ئوت يالقۇنلىرى ئۇنى.......
بىراق، شۇ خەتەرلىك مىنۇتلار خىرۇستال شاھزادىنىڭ بېشىدىكى گۈلچەمبىرەككە قىستۇرۇلغان قار لەيلىسى شۇنداق ناخشا ئېيتىپتۇ:

كېلىڭلار دوستلىرىم، كېلىڭلار بۇيان،
چىن دوستلۇق مېھرىنى قىلىڭلار ئايان.
قار ـ مۇز باغرىدا ئۆسكەن لەيلە بىز،
قىلايلى بۇ جاينى ھەم شۇنداق ماكان.

شۇ چاغ يىراق - يىراقتىن، تەرەپ - تەرەپتىن غۇرقىراپ سوغۇق تاغ شامىلى كېلىپ، سان - ساناقسىز قار لەيلىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىشكە باشلاپتۇ. قار لەيلىلىرىنىڭ بەرگى ۋە ياپراقلىرىدا بىرگە كەلگەن قار - مۇز پارچىلىرى يەرگە تۆكۈلۈپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان رەھىمسىز ئوتقا بەرھەم بېرىپتۇ ، ھاۋا بارغانسېرى سۆرۈنلىشىپ، ئوت يالقۇنلىرى ئۆچۈپتۇ، بۇ جاي ئاستا - ئاستا قار - مۇزلۇق دالىغا ئايلىنىپ، قار لەيلىلىرى يىلتىز تارتىپ، بۇ يەرگە ماكانلىشىپتۇ.

— رەھمەت سىلەرگە، — ئەجەل گۈلخانلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ھاياتلىق يولى ئېچىپ بەردىڭلار، — دەپتۇ قار لەيلىلىرىنىڭ بەرگلىرىدىن تۆكۈلگەن خىسلەتلىك قار سۈيىدە جاراھەتلىرى ساقىيىپ، بېجىرىم ھالغا كېلىپ قالغان ئاق شاتۇتى.

خىرۇستال شاھزادە يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ ، شاتۇتى قار لەيلىرى بىلەن خوشلىشىپ ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ .

خىرۇستال شاھزادە مېڭىپتۇ ، مېڭىپتۇ، يول بارغانسېرى ئېگىزلەپ بېرىپتۇ، ئاخىر تاغ چوققىسىدىكى بۇلۇت - تۇمانلار بىلەن ئورنىپ تۇرغان قەلئەگە تۇتۇشىدىغان مىڭبىر پەلەمپەيلىك تارغىنە بىر يولغا دۇچ كەپتۇ، يول بەكمۇ تار ۋە چوققىغا يۆگىنىپ ياتقان يىلان باغرىدەك بولۇپ، سەللا مۇدۇرۇپ كەتكەن كىشى تۆۋەنگە موللاق ئاتىدىكەن.

خىرۇستال شاھزادە ئىككىلەنمەستىن پەلەمپەيلەرگە

قەدەم بېسىپتۇ، ھەر قەدەمدە پەلەمپەيلەر بىر سىلكىنىپ، ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇپتۇ، ئەمما خىرۇستال شاھزادە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن يولنى داۋام قىپتۇ. ئاخىر ئېگىز تاش سېپىللىق، تۆمۈر دەرۋازىسى شىر بېشى سۈرەتلىك يوغان قۇلۇپتا قۇلۇپلانغان قەلئە ئالدىغا يېتىپتۇ، قانداق كىرىشنى بىلمەي تۇرغاندا قەلئە ئىچىدىن ھېلىقى مۇڭ - زارلىق كۈي ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ.

بىر تېنىم كۈرمىڭ تىكەن، دەشتى بالادۇر بۇ دىيار،
غەم ئوتىدا سەۋرىدەك قەدەم بولۇپ قىل تولغىنار.
بىر تىلىم يۈزمىڭ پىغان ئۈنلىتەر جان ۋەھىمدە،
نەكى جان ، جاندىن ئەزىر ئول يار ئۈچۈن بوپ ئىنتىزار.
يوقتى ئارمان ، بىر كۆرۈپ نۇرلۇق جامالى شولىسىن،
كەپتىرى جانىمنى ئاندىن شۇم ئەجەل قىلسا شىكار.

خىرۇستال شاھزادە بەكمۇ تاقەتسىزلىنىپتۇ - دە، جىسمىنىڭ سۈپسۈزۈك خىرۇستال ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغاندەك، شىر بېشى سۈرەتلىك چويۈن قۇلۇپقا پەشۋا ئۇرۇپتۇ، شۇ ھامان قۇلۇپ شالاقلاپ يەرگە چۈشۈپ، ئۆزىگە بولسا مۆجىزىدەكلا قىلچە زەخىم يەتمەپتۇ، ئۇ قەلئە ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپتۇ. قەلئە سەھنىسىگە بىر ئېگىز دار تىكلىنىپ، مەلىكە سۇمبۇل چاچلىرىدىن ئېسىلغان، نازۇك تېنىگە بولسا زەھەرلىك يىلان - چايانلار يۆگىشىپ، نەشتەر سانجىپ، مەلىكىنىڭ قىپقىزىل قانلىرىنى شوراۋاتقان، ئازاب ئىچىدە ھوشىنى يوقاتقان مەلىكە بولسا ئىختىيارسىز شۇ بىر نەزمىنى

ئېيتىۋاتقانىكەن.

شۇ ھالەتتە ئۇ خىرۇستال شاھزادىنىڭ قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ ھوشىغا كېلىپ، بورىدەك سارغايغان يۈزلىرى گۈلدەك رەڭلىنىپ، بارچە تارتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ لەۋلىرىدە شادلىق كۈلكىسى جىلۋىلەپ:

— ئاھ ! مېنىڭ سۆيۈملۈك شاھزادەم ، مەن ئاخىر سىزنى يەنە كۆردۈم، — دەپتۇ زەئىپقىنا بىر ئاۋازدا.

بىراق، دەل شۇ قۇتلۇق مىنۇتلاردا كۆك يۈزىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن يىلان باشلىق ھاسا تۇتقان بەتبەشىرە جادۇگەر شاھ چىقىپ كەپتۇ - دە:

— قايسى شامال سېنى بۇ يەرگىمۇ ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ، ئەمدى زۇلۇم گۈرزىسى بىلەن سېھرىي جادۇ قىلايكى، تېنىڭ تېرىقتەك چېچىلىپ قۇم- تۇپراققا قوشۇلۇپ كەتسۇن، يەنە بىر قېتىم ماڭا قايتا ئاۋارىچىلىك سالمىسۇن، ئۇمۇ سەندىن دىل رىشتىنى ئۈزۈپ، ئۆزىنى ماڭا بەخشەندە قىلسۇن،— دەپتۇ دەھشەتلىك بىر ئەلپازدا.

ئۇ شۇنداق دەپ مەلىكىنى ئازابتىن قۇتقۇزۇشقا كېتىۋاتقان خىرۇستال شاھزادىگە قارا چاڭگىلىنى سوزۇپتۇ، قولى يىلاندەك سوزۇلۇپ بېرىپ، ئالقىنى يوغىناپ، خىرۇستال شاھزادىنى بېلىدىن سىقىملاپ ئاپتۇ - دە، مەلىكىنىڭ نالە- پەرياد، يېلىنىشلىرىغا قارىماي، قەلئە سېپىلىدىن ئارتىلدۇرۇپ، تاغ چوققىسى تۆۋىنىگە تاشلاپتۇ، مەلىكە شەھلا كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا قان ئاقتۇرۇپ قاپتۇ.

تۆۋەنگە تاشلانغان خىرۇستال شاھزادە، تاغ باغرىدىكى قورام تاشلار ئۈستىگە چۈشۈپ، سۈپسۈزۈك جىسمى پارە -

پارە بولۇپ چېقىلىپ، چېچىلىپ يېتىپ قاپتۇ، ئارقىدىنلا ئۇچۇپ چۈشكەن ئاق شاتۇتى:

— ۋاي ئىست! زالىمنىڭ زۇلۇم قامچىسى ئاخىر سېنى نابۇت قىلدى - دە، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، — دەپتۇ پەرياد قىلىپ.

شۇ چاغ تاغ چوققىسىدىن مەلىكىنىڭ چوڭ يېپەك روملى ئاستاغىنە لەيلەپ چۈشۈپتۇ، ئاق شاتۇتى ئىسىنى تېپىپ، رومالنى يېيىپتۇ - دە، خىرۇستال شاھزادە ھەيكىلىنىڭ پارچىلىرىنى تېرىقچە قالدۇرماي تېرىپ، رومالغا تۈگۈپتۇ، ئەمما تۈگۈنچىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇشقا قۇربى يەتمەي، ئاخىر كەڭ دالىنى كېزىپ يۈرگەن سەلكىن شامالغا يىلىنىپتۇ:

كەلگىن شامالجان، كەلگىنە بۇيان،
چىن دوستلۇق مېھرىنى قىلغىنا ئايان.
يەتكۈزۈپ قويغىنا ئانا دىيارغا،
ياخشىلىق يانغۇسى، ياخشىغا ھامان.

شۇ ھامان سەلكىن شامال غۇرقىراپ يېتىپ كەپتۇ ۋە كۆچىيىپ، تۈگۈنچىنى ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ، ئاق شاتۇتى ئەگىشىپتۇ، قانچىلىك ۋاقىت ئۇچقىنى ۋە قانچىلىك مۇساپە باسقانلىقى نامەلۇم، بىر چاغدا بىر چىمەنزارغا، چىمەنزاردا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەبرە يېنىغا بېرىپ توختاپتۇ.

— بۇ مەرھۇم خانىشنىڭ قەبرىسىغۇ، — شۇۋىرلاپتۇ ئاق شاتۇتى ئۆز - ئۆزىگە، ئاندىن ئۇ ئەمدى نېمە ئىش

قىلىشى ھەققىدە ئويلىنىشىلىش ئۈچۈن، بىر قاقشال دەرەخ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆكۈپتۇ، ئەمما ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ، دەل شۇ ۋاقىتتا غۇر - غۇر شامال يىراقتىكى قەلئەدىن مۇنداق بىر سادانى ئېلىپ كەپتۇ:

كەپتەرى جانىمنى قىلساڭچۇ ئەجەل تېزرەك شىكار،
گۈلنىھالىم بولمىسۇن شۇم قاغا - قۇزغۇنغا دۇچار.

تۇگۇنچە ئىچىدىكى خىرۇستال ھەيكەل پارچىلىرى بۇ مۇڭ - زار تەسىرىدىن بولسا كېرەك، بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاشقا باشلاپتۇ، شۇ چاغ ئاسمان تۈن چۈمبىلىگە پۈركىنىپتۇ، ئاي مەشرىق ئاسمىنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يۇلتۇزلار جىلۋە قىلىشقا باشلاپتۇ، تۈگۈنچە ئىچىدىكى خىرۇستال ھەيكەل پارچىلىرى بولسا تېخىمۇ بەك مىدىرلاشقا باشلاپتۇ ۋە ئاخىر بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ مۇنداق بىر كۈي سادالىرى ھاسىل قىپتۇ:

نۇرلىنىپ ئاي، جىلۋىلەر يۇلتۇز سامادا بىھېساب،
يار ئۇيىاندا دەرد - بالادا، مۇندا مەن ياتتىم بىتاپ.
ۋادەرىخ! يار ھالىغا يەتمەككە ھېچ ئىمكانە يوق،
بول ئۆزۈڭ ئى جان ئانا دەردىمگە دەرمان سەن شۇ تاپ.

غۇر - غۇر شامال تۈگۈنچىنى يېشىۋېتىپتۇ، شۇ ھامان قەبرە يېرىلىپ، ئاپپاق بىر قول چىقىپتۇ - دە، بىر چاڭگال

تـۇپراقنى ئـاي نۇرىـدا يۇلتـۇزدەك چاقنـاپ ـ جىلۋىلىنىـپ تۇرغـان خىرۇسـتال شـاھزادىنىڭ ھەيكىلىنىـڭ پـارچىلىرى ئۇستىگە چىچىپتۇ، ئاندىن ئاپپاق قول غايىب بولۇپ، قەبـرە قايتىـدىن ئەسـلىگە كېلىـپ قـاپتۇ، خىرۇسـتال شـاھزادىنىڭ ھەيـكەل پـارچىلىرى بىرىكىـپ، ئاسـتا ـ ئاسـتا بىـر پۈتـۈن گەۋدە ھـالىتىگە كەپتـۇ، ئەممـا چىچىلغـان تـۇپراق ئۇنىـڭ جىپسىلاشقان يېرىقلىرى ئارىسىدا قالغـان، مىـدىرلاپ كەتـسە قايتىـدىن پارچىلىنىـپ كېتىدىغانـدەكلا بىـر ھالـدا ئىـكەن، ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئاستا ـ ئاستا شۇنداق بىر سادا ياڭراشقا باشلاپتۇ:

> بولدى بىر سەكپارە جىسمىم ، يوق لېكىن دەرمانىمە،
> ئىزلەبان يار ۋەسلىنى ئۇچماق ئۇمىد ـ ئارمانىمە.
> ئاھ! نېتەي، زەپ بىئىلاج قالدىم تۈمەن دەرد ـ داغدىمەن،
> كىم يېتەركىن ئەمدى ھالىم ، ئاڭلە بان پىغانىمە.

شۇ چاغ قەبرە يېنىدا ئۆسكەن، قاردەك ئاق، تـاۋاقتەك يوغـان ئېچىلغـان ئەتىرگـۈل خىرۇسـتال شـاھزادە گەۋدىـسى ئۇسـتىگە ئېگىلىـپ، گـۈل بەرگلىرىـدىن خىرۇسـتالدەك سۈپـسۈزۈك شـەبنەملەرنى تۆكۈشـكە باشـلاپتۇ، تۆكـۈلگەن شەبنەم ئاستا ـ ئاستا خىرۇستال شاھزادىنىڭ گەۋدىسىدىكى دەز ـ يېرىقلارغا سىڭىپ كىرىـپ، تـۇپراق بىلەن بىرىكىـپ، ئانا سۈتىدەك بىر ھالغا كەپتۇ ۋە ئاسـتا ـ ئاسـتا خىرۇسـتال شـاھزادە تېنـىگە سـىڭىپلا كېتىپتـۇ، ئـاخىر خىرۇسـتال شـاھزادىنىڭ گەۋدىـسىدىكى ھەمـمە يېرىـق ـ دەزلەر غايىـب

بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تۇپراق ۋە شەبنەم ئۇنىڭغا پۈتۈنلۈك ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىپتۇ.

تاڭ سۆزۈلۈپ، ئۇپۇق قىزارغان بىر چاغدا، شاھزادىلىك تاج ئاستىدىكى بۇدۇر چاچلىرىدىن نەقىشلىك ئۆتۈك-لىرىگىچە، ھەتتا مۇرىسىدىن يېيىلىپ چۈشۈپ، شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان يوپۇقىغىچە سۈپسۈزۈك خىرۇستالدىن پۈتۈلگەن بىر ھەيكەل — خىرۇستال شاھزادە ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا دېڭىزدەك كۆپكۆك ياقۇتتىن، لەۋلىرى ئانار دانىسىدەك قىزىل مارجاندىن، ئوڭ قولىدا مەڭگۈ سولماس قىزىل ئەتىرگۈل، بېشىدا مەلىكە كىيدۈرۈپ قويغان تورزۇماس گۈلچەمبىر-رەك...... ئەيتاۋۇر ئۇ ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى قەلئەدىن تاشلىۋېتىلىشتىن بۇرۇنقى بېجىرىم ھالىتىدە تۇرۇپتۇ.

— پاھ! — دەپتۇ شۇ چاغ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بىدار بولغان ئاق شاتۇتى سۆيۈنۈش بىلەن، — قانداق مۆجىزە بىلەن ئۇ ئەسلىگە كېلىپ قالغاندۇ؟

شۇ چاغ يىراق - يىراقلاردىن يەنە غۇر - غۇر شامال شۇنداق بىر مۇڭ - زارنى ئېلىپ كەپتۇ:

كەپتەرى جانىمنى قىلساڭچۇ ئەجەل تېزرەك شىكار،
گۈلنىھالىم بولمىسۇن قاغا - قۇزغۇنغا، دۇچار.
بۇ تىرىكلىكتىن تۇمەن ئەلا ئۇ دۇنيالىق سەپەر،
چۈنكى ئۇچراتماق ئۈمىدىم، ئاندا كەتمىش دىلئازار.

شۇ ھامان خىرۇستال شاھزادىنىڭ كۆكسىدە بىر ئوت

يىلىنجاپتۇ، ئوت تەپتىدە سۇپسۇزۇك خىرۇستال جىسمى قىزغۇچ سىرىق رەڭ ئاپتۇ، پۈتلىرى ئىختىيارسىز ئۇنى مۆلۈك-زار كىلىۋاتقان تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپتۇ.

ئۇ يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، بارغانسېرى غەيرىتى، قەدىمى تېزلىشىپتۇ، قانچىلىك ۋاقىت ماڭغىنى نامەلۇم، بىر چاغدا ھېلىقى ئېگىز تاغ چوققىسى ئالدىغىمۇ يېتىپتۇ، قەلئە دەرۋازىسى ئالدىغىمۇ چىقىپتۇ، قەلئە دەرۋازىسى ئەمدى تېخىمۇ قېلىن پولاتتىن قىلىنىپ، تۆگمەن تېشىدەك ئەجدىھا نەقىشلىك قۇلۇپ سېلىنغانىكەن.

خىرۇستال شاھزادە يەنە بىر تېپىك بىلەن دەرۋازىنى ئېچىپ، قەلئەگە كىرىپتۇ، ئەمما مەلىكە كۆرۈنمەپتۇ - يۇ، دار ئۆز ئورنىدا تۇرغۇدەك.

— ئۇ نەگە ئەكىتىلگەندۇ؟ — شىۋىرلاپتۇ ئاق شاتۇتى قايغۇرۇپ.

شۇ چاغ قەلئە ئىچىدىكى غايەت زور ئەجدىھا يۆگىشىپ تۇرغان ھالەتتىكى ئېگىز تاش مۇنار، مۇنار ئۈستىدىكى ئەجدىھا بېشىدا غاردەك ئاغزىدا يەنە شۇ مۇڭلۇق بىر كۈي ياڭراپتۇ:

كەپتەرى جانىمنى قىلساڭچۇ ئەجەل تېزرەك شىكار،
گۈلنىھالىم بولمىسۇن قاغا - قۇزغۇنغا دۇچار.
بۇ تىرىكلىكتىن تۈمەن ئەلا ئۇ دۇنيالىق سەپەر،
چۈنكى ئۇچراتماق ئۈمىدىم، ئاندا كەتمىش دىلئازار.

خىرۇستال شاھزادە ئەمدى شىر بېشى سۆرەتلىك،

تۇگمەن تېشىدەك قۇلۇپ سېلىنغان مۇنار ئىشىكىگە يۆزلىنىپتۇ، شۇ ھامان قۇلۇپتىكى نەقىشلىك شىر بېشىغا جان كىرىپ، دەھشەتلىك ھۆركىرەپ خىرىس قىپتۇ، بىراق ئۇمۇ خىرۇستال شاھزادىنىڭ بىر تېپىكى بىلەنلا شالاقلاپ يەرگە چۈشۈپ، ئىشىك ئېچىلىپتۇ، خىرۇستال شاھزادە مۇنارغا قەدەم بېسىپتۇ، ھەر قەدىمىدە مۇنار زىلزىلىگە كېلىپ، سىلكىنىپ توختاپتۇ، ئەمما پەسەنت قىلماي يۇقىرىغا ئۆرلەپتۇ، ئاخىر مۇنار ئۈستىگە — ئەجدىھا ئاغزىغىمۇ يېتىپتۇ.

ئۇندا گۆھەر شادىلىق قەپەس، قەپەس ئىچىدە مامۇق تۆشەك، تۆشەك ئۈستىدە قىزىلگۈلدەك رەڭگى ساماندەك سارغايغان، كۆزلىرىدىن ياش ئورنىدا قان ئېقىپ تۇرغان مەلىكە ئۆلۈك - تىرىك ئارىلىقىدا ھوشسىز ياتقانىكەن.

مەلىكە خىرۇستال شاھزادىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ھوشىغا كەپتۇ ۋە قاق - قاق! ئۇرۇپ بىر كۈلۈپتۇ - دە، بىر تال ئەتىرگۈلگە ئايلىنىپ قاپتۇ، مەككار جادۇگەرنىڭ سېھرى ئۇنى ئەسل- ۋەسلىدىن جۇدا قىپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە گۆھەر شادىلىق قەپەسنى پاچاقلاپ، ئەتىرگۈلنى قولىغا ئاپتۇ، شۇ ھامان ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغاندەك بىر سادا ياڭراپ، مۇنارغا— تاش ئەجدىھاغا جان كىرىپتۇ. خىرۇستال شاھزادە ئۇ ئاغزىنى يۇمۇۋالغۇچە بۇرغىدەك چىشلىرى ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنى سىرتقا ئېتىپتۇ، پەقەت سۈپسۈزۈك خىرۇستال يوپۇقىنىڭ پېشىلا ئەجدىھانىڭ ئاغزىدا قېلىپ، چىشلىرى ئارىسىدا كۇكۇم - تالقان بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن

تاش ئەجدىھا قايتىدىن ئەسلىگە كەپتۇ.

خىرۇستال شاھزادە مۆجىزىدەك ساق - سالامەت يەرگە چۈشۈپتۇ - دە، دەرھال قەلئەدىن چىقىپ، تۆۋەنگە قاراپ قېچىپتۇ.

شۇ چاغ بىر قارا بۇلۇت قەلئە ئۈستىگە كېلىپ، بۇلۇتتىن يىلان ھاسىلىق جادۇگەر شاھ چىقىپ كەپتۇ - دە:

— مەھبۇبەمنى كىم بۇلاپ قاچتى؟ — دەپ ھۆركىرەپتۇ ھەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ. ئاخىر ئۇ تېخى ئەمدىلا چوققىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرغان خىرۇستال شاھزادىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، — يەنە شۇ كاساپەت، ئەمدى ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يانجىپ، شامالغا سورۇمىسام خەپ! — دەپتۇ تاپىنىغىچە يېيىلىپ چۈشكەن ساقاللىرىنى يۇلۇپ قەھر بىلەن. شۇ سۆزدىن كېيىنلا يەنە قارا بۇلۇت ئۈستىگە چىقىپ خىرۇستال شاھزادىنى قوغلاپ ئۇچۇپتۇ، خىرۇستال شاھزادە قۇيۇندەك چېپىپتۇ، ئاق شاتۇتىمۇ ئۇنىڭغا ئاران - ئاران يېتىشىپ ئۇچۇپتۇ، ئۇلار ئاخىر قار لەيلىلىرى ماكانلاشقان جايغا يېتىپ بېرىپتۇ، بۇ يەر ئاللىبۇرۇن ئاپپاق قار، كۆپكۆك مۇزلار بىلەن قاپلانغان، سانسىزلىغان قار لەيلىلىرى ئېچىلىپ تۇرغان ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىگە ئايلىنىپ قالغانىكەن.

— بىزگە ياردەم قىلىڭلارچۇ؟ — تۇۋلاپتۇ ئاق شاتۇتى ئەنسىزلىك بىلەن، چۈنكى جادۇگەر شاھ يېقىنلىشىپ قالغان ۋە قارا قولۇلىرىنى يىلاندەك سوزۇپ، خىرۇستال

شاھزادىنى تۇتۇۋالايلا دەپ قالغانىكەن.

كەلگىنە تېز شىۋىرغان،
چۈش ئاپپىقىم قار گۈلى.
مۇزلاپ قېتىپ قالسۇن تېز،
جادۇگەرنىڭ شۇم قولى.
تاراپ قارا تۇمانلار،
يېتسۇن پەيلى يامانلار.

شۇنداق ناخشا ئوقۇپتۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۆركەم ئېچىلغان قار لەيلىسى.

شۇ ھامان ئۇشقىرتىپ شىۋىرغان چىقىپ، جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق ئېقىم يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ تەسىرىدە قارا بۇلۇت - تۇمانلار قار- مۆلدۈر بولۇپ تۆكۈلۈپ تۈگەپ، جادۇگەر شاھ يەرگە موللاق ئېتىپ قوللىرى سۇنۇپتۇ، ئورنىدىن تۇرغۇچە شىۋىرغان قار - مۇز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، جادۇگەرنى كۆمۈپ تاشلاپتۇ، بۇنىڭدىن كىچىك بىر مۇز تاغ ھاسىل بوپتۇ.

جادۇگەر شاھ ھوشىنى تېپىپ سىلكىنگەنىكەن، مۇز تاغ يېرىلىپ غۇلاپ چۈشۈپتۇ.

— خەپ! — دەپتۇ ئۇ جان ئاچچىقىدا قار لەيلىلىرىگە شالىنى چېچىپ.

— قايتىپ كەلگەندە بۇ يەرنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەممىڭنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمىسەم.

ئۇ شۇنداق دەپ خىرۇستال شاھزادىنى قويۇندىنمۇ تېز

سۇرئەتتە قوغلاپ كېلىپ يېتىشۋالاي دەپ قاپتۇ، ئالدى تەرەپ ھېلىقى چوڭقۇر ھاڭ ئىكەن، كېپىنەكلەر بۇ يەرنى گۈل - گۈلىستانلىققا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىكەن.

— ياردەم قىلىڭلارچۇ! — تووۋلاپتۇ ئاق شاتۇتى تاقەتسىزلىك بىلەن.

دوستلارغا دوست مېھرىبان،
كېپىنەك بىز شادىمان.
دوستقا كۆۋرۈك بولايلى،
دۈشمەنلەرگە تاش بوران.
ئامان قالسۇن ياخشىلار،
يەتسۇن ياۋۇز - يامانلار.

شۇنداق ناخشا ئوقۇپتۇ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كۆركەم كېپىنەك.

شۇ ھامان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان رەڭگارەڭ كېپىنەكلەر لىپ - لىپ ئۇچۇپ، قوغلىشىپ ھاڭ ئۈستىدە زىچ بىرلىشىپ كۆۋرۈك ھاسىل قىلىشىپتۇ، خىرۇستال شاھزادە بۇ كېپىنەك كۆۋرۈكتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا تاپ بېسىپ قوغلاپ كەلگەن جادۇگەر شاھ دەل كۆۋرۈك ئوتتۇرىسىغا يەتكەندە، كېپىنەكلەر تارقىلىپ كېتىپتۇ، جادۇگەر شاھ ھاڭ ئاستىغا موللاق ئېتىپ چۈشۈپتۇ، بوينى ئوشتۇلۇپ بېشى بىر ياندا، تېنى بىر ياندا قاپتۇ. بىراق، بېشى يەنىلا يۇمىلاپ - يۇمىلاپ، ھاڭ لېۋىگە

چىقىۋاپتۇ - دە، ئۆز ئىشىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىۋاتقان كېپىنەكلەرگە ئالىيىپ:

— خەپ! قايتىپ كەلگىنىمدە ھەممىڭنى مۇشۇ ھاڭغا تىرىك كۆممىسەم، — دەپتۇ ھۆركىرەپ، ئاندىن گەۋدىسىدىن ئايرىلغان جادۇگەر بېشى، ئاغزى- بۇرنىدىن ئوت ۋە تۈتەك پۈركىگىنىچە يۇملاپ - يۇملاپ، خىرۇستال شاھزادىنى قوغلاپتۇ، ئۇ قۇيۇندىن تېز يۇملىغاچقا خىرۇستال شاھزادىگە يېتىشىۋالاي دەپ قاپتۇ. شۇتاپتا ئاغزى يالاقتەك ئېچىلغان، چىشلىرى پولات ئۇشكىگە ئايلانغان، كۆزلىرىگە قان تولغان، گويا ھازىرلا خىرۇستال شاھزادىنى دەم تارتىپ، كۇكۇم- تالقان قىلىۋېتىدىغاندەكلا ئەلپازدا ئىكەن.

— ياردەم قىلىڭلارچۇ! — دەپتۇ ئاق شاتۇتى ئەمدى ئۇلارغا ئۇچرىغان چوغلۇقلارغا ئەنسىزلىك بىلەن.

يېنىك دوستلار يېنىڭلار،
ئوتقاش بولۇپ يېنىڭلار.
ئامان قالسۇن دوستىمىز،
دۈشمەن يولىن توسۇڭلار.
ياخشىلارغا ھەمدەم بىز،
ياۋۇزلارغا دۈشمەن بىز.

سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان سانسىزلىغان چوغلۇقلار ئارىسىدىكى ئەڭ چىرايلىق پورەكلەپ ئېچىلغان بىر چوغلۇق شۇنداق ناخشا ئوقۇپتۇ.

شۇ ھامان چوغلۇقلار بىردىنلا چوغلىنىپ، يېلىنجاپ تۇرغان ئوتقاشلارغا ئايلىنىپ، ئوت دېڭىزى پەيدا قىپتۇ.

بۇ ئوت دېڭىزىدىن خىرۇستال شاھزادە تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەمما قوغلاپ كەلگەن ياۋۇز جادۇگەرنىڭ بېشى بولسا ئۇتلىنىپ، قاش - كىرپىكلىرى، چاچ - ساقاللىرىدىن ئايرىلىپتۇ، كۆيۈپ جاراھەتلىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى قورالى بولغان ئۇشكىدەك چىشلىرىمۇ بىرى قالماي تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ، ئوت دېڭىزىدىن چىقىپ بولغاندا بولسا، بىر ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قاپتۇ، بىراق شۇ ھالەتتىمۇ چوغلۇقلارنى قارغىغىنىچە، خىرۇستال شاھزادىنى قوغلاپ يۈملاپتۇ.

يۈملاۋېرىپ ئاخىر خىرۇستال شاھزادىگىمۇ يېتىشىۋاپ-تۇ، ئەمما خىرۇستال شاھزادە ئەمدى تېنەپ - تەمتىرەپ ئولتۇرماي، ئۇنى قەھر - غەزەپ بىلەن بىرلا تېپىپتۇ، ياۋۇز جادۇگەر بېشى:

— خەپ توختا! خەپ توختا!...... دەپ تۇۋلىغىنىچە بەك يىراق، بەكمۇ يىراق بىر جايغا، بارسا كەلمەس بىر ماكانغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

شۇ ھامان سېھىرلەنگەن مەلىكە ئەتىرگۈل ھالىتىدىن ئادەملىك سىياقىغا قايتىپتۇ، چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە خىرۇستال شاھزادىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ، بىراق قۇچاقلىغىنى يەنىلا شۇ «كۆزلىرى كۆپكۆك ياقۇتتىن، لەۋلىرى قىزىل مارجاندىن ياسىلىپ، قالغان ھەممە قىسمى— تا شاھزادىلىك زەر تاج ئاستىدىكى بۇدۇر چاچلىرىدىن تارتىپ، نەقىشلىك ئۆتۈكلىرىگىچە، ھەتتا

مۇرىسىدىن يىپىلىپ چۇشۇپ، شامالدا يەلپۈنۈۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان يوپۇقنىڭ پەشلىرىگىچە سۇپسۇزۇك خىرۇستالدىن پۈتۈلگەن بىر ھەيكەل — خىرۇستال شاھزادە ئىكەن.

— ئاھ! — دەپتۇ مەلىكە شاد - خۇراملىقى قاياقلارغىدۇر غايىب بولۇپ، ھەسرەت بىلەن كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە.

— كۇرمىڭ خەتەر ۋە ئازاب - كۈلپەتلەر ئىچىدە، مېنى جادۇگەر شاھنىڭ ئازابلىرىدىن خالاس قىلسۇنۇ، لېكىن ئۆزى يەنىلا سېھىرلەنگەن ھالەتتە قېلىۋەرسۇن، بۇ نېمىدېگەن زور بەختسىزلىك، مېنىڭ ئازابتىن قۇتۇلغىنىم ۋە ئەسلىمگە كەلگىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى...... بىچارە شاھزادەم ......

خىرۇستال شاھزادىنىڭ سۇپسۇزۇك جىسمىدىن شۇنداق سادا كەپتۇ :

— ئاھ سۆيۈملۈك مەلىكەم! سىز يەنىلا مېنى — سۇپ-سۇزۇك بىر خىرۇستال ھەيكەلنى، ياق، مۇزدەك سوغۇق بىر تاش ھەيكەلنى ياخشى كۆرەرسىزمۇ؟

— ياخشى كۆرىمەن! — دەپتۇ مەلىكە قەتئىيلىك بىلەن، — ئىلگىرىمۇ بىر سىزنىلا ياخشى كۆرگەن، ھازىرمۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى سىزنىڭ جىسمىڭىز مۇزدەك سوغۇق بىر تاش ھەيكەل بولغىنى بىلەن، يۈرىكىڭىز مەڭگۈ مۇزلىماس بىر ئوت، ۋۇجۇدىڭىزدا ھەرقانداق سېھىر - ئەپسۇن كار قىلمايدىغان، ھەرقانداق خەتەر مۇشكۈلاتتىنمۇ قورقمايدىغان بىر جاسارەتلىك روھ

ئورۇن ئالغان.

شۇ چاغ خىرۇستال شاھزادىنىڭ كۆكسىدە بىر ئوت زاھىر بولۇپ، جىسمى قىپقىزىل ياقۇت رەڭگە كىرىپ قىزىل نۇرغا چۆمۈپتۇ، نۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاخىر خىرۇستال شاھزادە نۇر ئىچىدە غايىب بوپتۇ، ئاندىن قىزىل نۇر سۇسلاشقا باشلاپتۇ- دە، ئاخىر مەلىكىنىڭ ئالدىدا بۇدۇر چاچلىرى زەر تاج ئاستىغا باسۇرۇلغان، كانىۋاي كۆڭلەك كىيىپ، زەر كەمەر باغلىغان ۋە نەقىشلىك ئۆتۈكى قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ تۇر- غان، مۇرىسىدىن يېپىلىپ چۈشكەن بىر پېشى يوق، ئاق يىپەك يوپۇقى سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئاجايىپ خۇش قامەت، خۇش چىراي بىر شاھزادە ئايان بوپتۇ، ئۇ مەلىكىگە گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بىر تال قىزىل ئەتىر- گۈلنى سۇنۇپتۇ.

مەلىكە چەكسىز ھاياجان ئىچىدە:

— ئاھ شاھزادەم، ئاخىر سىزمۇ سېھىر - جادۇدىن خالاس بولدىڭىز، — دەپتۇ خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئەتىرگۈلنى قوش قوللاپ ئاپتۇ.

— شۇنداق! — دەپتۇ شاھزادە مەلىكىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، — بىز ئەمدى ئەركىن، ھېچكىم بىزنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ، سىز مەڭگۈ ماڭا مەنسۇپ.

— شۇنداق، — دەپتۇ مەلىكە كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداق، — دەپتۇ ئاق شاتۇتىمۇ چەكسىز سۆيۈنۈش بىلەن.

— شۇنداق! — دەپتۇ ئۇنىڭ قېشىغا ھازىرلا سەلكىن شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن چوغلۇق، كېپىنەك، قار لەيلىسى

تەڭلا.

ئەمدى ئۇلار يېڭى مەنزىلگە، بىر ئېگىز مۇنار، مۇنار ئۈستىدە يېگانە بىر ھۆجرا بولغان شەھەرگە راۋان بوپتۇ، ئۇ ئىلگىرى شاھزادە مەلىكىگە توي تەكلىپى قويغىلى كېلىپ، خىرۇستال ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالغان، ئەمدى بولسا ۋىسال بەزمىسى قۇرماقچى بولغان ھېلىقى شەھەر ئىكەن.



# بىر جۈپ قار ھەيكەل

كىچىچە توختىماي لەيلەپ چۈشكەن قار يەر يۈزىنى ۋە يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى قىلىن ۋە يۇمشاققىنە بىر قات پۈركەنجىلەپتۇ، ئەتىگەندە ئۆيدىن ئويۇنغىلى چىققان بۆجەنلەر شادلىنىپ، چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ

— ۋاھ ! قار يېغىپتۇ، نېمىدېگەن پەيزى، بۈگۈن بىز قار ھەيكەل ياساپ ئوينايدىغان بولدۇق.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، بىر جۈپ قار ھەيكەل ياساشقا تۇتۇش قىپتۇ، چۈنكى ئۇلار قار ھەيكەلنى قايسى گۇرۇپپا ئاۋۋالراق ھەم ياخشىراق ياساي بولسا، شۇ گۇرۇپپىدىكىلەرنى توشقانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئوزۇقى — سەۋزە بىلەن مۇكاپاتلاش ھەققىدە كېلىشىۋالغانىكەن .

ئاخىر ئۇلار ئىشلىرىنى تاماملاپتۇ، توشقانلارنىڭ ياغاچ ئۆيى ئالدىدا ھەم سېمىز، ھەم بۇدرۇققىنە بىر جۈپ بالىنىڭ قار ھەيكىلى پۈتۈپ چىقىپتۇ، بۇنداق قار بالىلارنى بۆجەنلەر ئىلگىرى رەسىملىك كىتابلاردىن كۆرگەنىكەن.

— ئوخشاپتۇ، — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرسى خۇشاللىقىدا كالتە قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ، بۇ قار بالىلار دەل مەن

رەسىملىك كىتابىمدا كۆرگىنىمدىكىگە بەكلا ئوخشاپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قار باللارنى چۆرىدەپ، سەكرەپ ـ تاقلىشىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ شادلىققا تولغان بىر كۈنى تېزلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، كەچمۇ كىرىپتۇ، ئۇلار قار باللارغا قىيمىغان ھالدا ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ (ئەگەر قار باللارنىڭ تېزلا ئېرىپ كېتىشىدىن قورقمىغان بولسا ، ئىللىققىنا ياغاچ ئۆيىگە بىللە ئەكىرىپ كەتمەكچىمۇ بولغانىكەن).

ياغاچ ئۆيگە كىرىپ ھايال ئۆتمەيلا، ئۇلار توشقان ئانا ئېيتىپ بېرىۋاتقان « بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا» دېگەن چۆچەكنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ، ئاردىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ياغاچ ئۆيدە يېنىپ تۇرغان چىراغمۇ ئۆچۈرۈلۈپتۇ.

شۇ تاپتا ياغاچ ئۆيمۇ، ياغاچ ئۆينىڭ سىرتىمۇ تىمتاسلىققا چۆمۈپتۇ، قار باللار بولسا بەكمۇ غېرىبسىنىپتۇ، ئەمدى ئۇلارغا كۆك ئاسماندا كۈمۈش رەڭ نۇرنى چېچىپ تۇرغان ئالتۇن لېگەندەك تولۇن ئاي ۋە ئاسمانغا پاتۇرۇپ قويۇلغان ئالماس پارچىلىرىدەك نۇرلۇق يۇلتۇزلاردىن باشقا ھەمراھ يوق ئىكەن، بىراق بۇ ھەمراھلار، بەك يىراق ھەم بەك ئېگىزدە بولغاچقا، ئۇلارنىڭ غېرىبسىنىشىغا تەسكىن بېرەلمەپتۇ.

ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ، قار باللار نېرىدىن تىمسقىلاپ كېلىۋاتقان بىرسىنى كۆرۈپتۇ ۋە:

«نېمىلا بولمىسۇن بىر ھەمراھ كەلدى» دەپ ئويلىشىپتۇ.

بىراق كېلىۋاتقىنى كىمدۇ؟
« ھە، بۆرىكەنغۇ» بۆرە يېقىنلاشقاندا قار باللارنىڭ تېنى جۇغۇلداپ ياپراقتەك تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇلار تۇرۇپلا يەنە:
« ئۇ بىزدەك قار باللارنى نېمە قىلاتتى، بۆرە دېگەن قار يېمەيدىغۇ» دەپ ئويلاپ، خاتىرجەم بولۇپ قېلىشىپتۇ.
بۆرە يېقىنلاپ كەپتۇ ۋە قار باللارنىڭ دالدىسىدا بىرھازا ياغاچ ئۆينى ماراپ، بىرەر شەپە بار - يوقلۇقنى تىڭشاپتۇ.
«ئاپلا» دەپ ئويلاپتۇ قار باللاردىن بىرى،« بۆرە ئۇيقۇدىكى توشقانلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولدى، قانداق قىلغۇلۇق؟»
«ئۇ نېمە قىلسا قىلمامدۇ» دەپ ئويلاپتۇ يەنە بىر قار بالا «پەقەت ماڭا زىيان يەتكۈزمىسىلا بولغىنى».
«بىزنى جاپا تارتىپ ياسىغان ئوماق بۆجەنلەرنىڭ بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىشىگە كۆزلىرىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرساق بولماس» دەپ ئويلاپتۇ بىرىنچى قار بالا يەنە بۆرىنىڭ ياغاچ ئۆي تەرەپكە مېڭىشقا تەمشەلگىنىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۆي بىلەن بۆرىنىڭ ئۆزىگە تېگىپ تۇرغان قۇيرۇقىنى تۇتۇۋاپتۇ.
— كىم سەن؟ — چۆچۈپ كەتكەن بۆرە ئالاقزادە بولۇپ كەينىگە قاراپتۇ، بىراق قار بالىدىن باشقا بىرسى يوقلۇقىنى كۆرگەندە بولسا مەنسىتمەسلىك بىلەن، — قويۇۋەت! بولمىسا سېنى چۇۋۇۋېتىمەن، — دەپ تۇۋلاپتۇ ھەيۋە قىلىپ.

«قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل» دەپ ئويلاپتۇ قار بالا، ئىشقىلىپ، ئۇماق بۆجەنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشىڭغا يول قويمايمەن.

بىپەرۋا بۆجەنلەر ئەگەر ئۇنىڭغا ئىغىز ياساپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا، ئۇ ئاللىبۇرۇن تووۇلاپ، توشقان ۋە بۆجەنلەرنى ئويغىتىپ قويغان، ئاگاھلاندۇرغانمۇ بولاتتى، ئەپسۇس...... شۇنداقتىمۇ ئۇ بۆرىنىڭ قۇيرۇقىنى بارغانسېرى چىڭ تۇتۇۋاپتۇ.

بۆرە ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپتۇ، قار بالىنىڭ بولسا قۇيرۇقنى تۇتۇۋالغان قوللىرى مۇز بولۇپ قېتىپتۇ، بۆرىنىڭ قۇيرۇقىنى ئاجرىتىۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەپتۇ، تېخى ھەمراھىنى ياردەمگە چاقىرماقچىمۇ بوپتۇ.

بىراق، ھەمراھى بولسا كۆڭلىدە:« ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشقانىنىڭ نېمە پايدىسى» دەپ غودۇرىغىنىچە، ئەينەك شارچىدىن ياساپ قويۇلغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇۋېرىپتۇ.

بۆرە قۇيرۇقىنى ئاجرىتالماي جىلى بولۇپ:

— خەپ! سېنى چۇۋۇۋەتمەيدىغان بولسام، — دەپتۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەھشىي بۆرە قار بالىغا چاڭگال سېلىپ، ئۇنى تاتىلاپ، تىرمىلاپ، بۇزۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇپتۇ، بىراق قار بالا شۇچاغدىمۇ ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قويۇۋەتمەپتۇ .

بۆرە بىلەن قار بالا ئەنە شۇنداق تېرىكىشىۋاتقاندا، توشقان ئانا سىرتتىكى شەپىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ئىشىك

يوچۇقىدىن مارايتۇ، سۇتتەك ئايدىڭ بولغىنى ئۈچۈن قار بالىنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن تېرىكىشىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپتۇ - دە، يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، تېنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ، ئاندىن ئۇ بار ئاۋازى بىلەن چۇقان كۆتۈرۈپتۇ:

— بۆرە ! بۆرىنى تۇتايلى، بۆرىنى يوقىتايلى!

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئەركەك توشقان ۋە بۆجەنلەرمۇ ئويغىنىپ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپتۇ - دە، تاياق - توقماقلارنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۆيلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىشىپتۇ، يېقىن ئەتراپتىكى قوشنىلارمۇ ئويغىنىپ، ھەممىدەمگە كېلىشىپتۇ.

ئۇلاردىن بولۇشىغا دۇمبا يەپ، باش - كۆزى قانغا بويالغان بۆرە ئاخىر جان ئاچچىقىدا بار كۈچىنى يىغىپ بىر يۇلقۇنغانىكەن، «پاس» قىلىپلا قۇيرۇقى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۆرە سوكال قۇيرۇق ھالىتىدە ئاران - ئاران مېڭىپ جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ، توشقانلار غەلىبە شادلىقىغا چۆمۈپتۇ، بىراق ھېلىقى قار بالىنىڭ بولسا خېلى كۆپ يەرلىرى بۇزۇلۇپ، قارىغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ.

«بىچارە» دەپتۇ ھەمراھى ئۆز ئىچىدە ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ: «ئارتۇق ئىشلارغا ئارىلاشمىغان بولساڭ، بۇنداق ئاقىۋەتكە قالماستىڭ، ئەمدى سېنى كىممۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويار».

— ئۇ بىزنى قۇتقۇزدى، — دەپتۇ ئانا توشقان بۆرە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، — قارىماسىلەر، ئۇ بۆرىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالغاچقا، بۆرە بىز ئۇخلاۋاتقاندا ئۆيىمىزگە كىرىپ، بىزنى يەپ كېتەلمەپتۇ.

— ۋاھ ! — دەپتۇ بىر بۆجەن، — بىز ياسىغان قار بالا نېمىدېگەن باتۇر - ھە! ئەپسۇس، ئۇ بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ.

— بىز ئۇنى رېمونت قىلايلى، — دەپتۇ يەنە بىر بۆجەن. كۆپچىلىك تەڭلا ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇزۇلغان قار بالىنى رېمونت قىپتۇ، بەلكى ئەسلىدىكىدىنمۇ كۆركەم ۋە سىپتا ياساپتۇ.

— بارىكاللا ! — دېيىشىپتۇ تالڭ ئېتىشىغا ئىشلىرىنىمۇ تۈگىتىپ مەمنۇنلۇق بىلەن، — ئۇ ئەمدى خېلى ئۇزاققىچە بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بۇ قار بالىدىن ھەر كۈنى خەۋەر ئېلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئاسراپتۇ، ھەتتا باھار كېلىپ، يەر- جاھان ئېللىغان، ھەممە قار - مۇزلار ئېرىپ تۈگىگەندىمۇ بۇ قار بالا ئالدىراپ ئېرىپ كەتمەپتۇ.

يەنە بىر قار بالىچۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېزلا ئېرىپ - بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ.

«ئىسىت !» دەپتۇ ئۇ ئاخىر كۈنىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھەسرەت بىلەن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ:« ئۇ ياردەمگە موھتاج بولغاندا نېمە كارىم» دېمىگەن بولسام، ئاخىر بۇنداق كۈنگە قالماستىم، ياخشىلىق ھېچقاچان يەردە قالمايدىكەن ئەمەسمۇ.



# قار قىز

ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان تاغ ئورمانلىقىدا، تېخى ئەمدىلا ئون نەچچە ياشقا كىرگەن ھېيتەمجان ئوتۇن كەسلىمەكتە ئىكەن، ئۇ شۇنداق قېلىن قار ياغقان قاتتىق سوغۇق كۈنلەردە، ئىسسىقىنا ئۆيدە، گۈررۈلدەپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان مەش ئالدىدا ئولتۇرسا بولمامدىغاندۇ، دەپمۇ قالارسىز. ئۇنىڭغۇ شۇنداق قىلغۇسى بار ئىكەن، لېكىن دادىسى قازا قىلىپ، يالغۇز ئانىسى بىلەنلا قالغاندىن بېرى، ئۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بوپتۇ، ھەممە ئېغىرچىلىقنى بىر ئۆزىلا كۆتۈرۈشكە مەجبۇر ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوقسۇزلۇق تۈپەيلى، ئوزۇقلىنىشى ياخشى بولماي، ئانىسمۇ كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ، شۇنداق تۇرسا ئۇ ئۆيدە خاتىرجەم ئوت سىنىپ ئولتۇرالىسۇنمۇ؟

ئۇ ئوتۇننى كېسىپمۇ بوپتۇ، ئاندىن بىرئاز ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، باغلاپ تەييار قىلغان ئوتۇننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، بىراق يەنە يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ تۈز بىر يەرگە قار دۆۋىلەپتۇ - دە، قار بالا ياساشقا تۇتۇش قىپتۇ.

ئۇ قار بالا ياسىغۇچە، خىلۋەت تاغلىق يېزىسىدا، ئىلگىرى ئۆزلىرى بىلەن بىردىنبىر قوشنا ئولتۇرغان ۋە كېيىن

شارائىتنىڭ ناچارلىقىدىن ئاغرىنىپ كۆچۈپ كەتكەن قوشنىسىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ئۇماق قىزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ياساپتۇ. شۇنداق قىلىپ، قوللىرى توڭۇپ، مۇزلاپ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغۇچە ئىشلەپ، ئاخىر زىلۋا- نازۇكقىنە بىر قار قىزنىڭ گەۋدىسىنى پۈتكۈزۈپتۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۇ نادىر ئەسىرىگە بىرھازا ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇرۇپ: «خەير - خوش، قار قىز! كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن» دەپتۇ -دە، قاراڭغۇ چۈشمەستە ئۆيىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇتۇننى يۈدۈپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

قار قىز ئۇنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ قاپتۇ، گەرچە ئۇ جانسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر ئوي - پىكىر پەيدا بولۇشقا باشلىغانىكەن، شۇڭا ھېيتەمجان كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى غېرىبلىق بېسىشقا باشلاپتۇ.

«كەتمىسىچۇ» دەپتۇ ئۇ ئىچىدە مەيۈسلىنىپ: « ياكى مېنى بىللە ئەكەتكەن بولسا ......»

«مۇمكىنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ بىر چاغدا يەنە ئىچىدە خورسىنىپ: «مۇشۇنداقلا كۆتۈرۈپ ماڭسا چۈۋۈلۈپمۇ كېتەرمەن ھەقىچان، ماڭالىغان بولسامچۇ كاشكى، كەينىدىن ئەگىشىپ كېتەتتىم، ئىسىت...... ئەمدى بۇ يەردە ......»

ئۇ شۇنداق غېرىبلىق ھېس قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ تۈنجى كېچىنى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كېچە ئاسمان بۇلۇتلۇق بولۇپ، ئاي - يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

«مېنى ياسىمىسىمۇ بوپتىكەن» دەپمۇ ئويلاپتۇ ئۇ

ئاخىر:«يالغۇزلۇق، يەنە كېلىپ ھەرىكەت قىلالماسلىق نېمىدېگەن ئازابلىق - ھە!؟»

ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ يىغلىماقچى بوپتۇ، بىراق يىغلىيالماپتۇ.« ھەي، ئۇ نېمىدېگەن بىچارە! ھەتتا يىغلاي دېسىمۇ، يىغلىيالمىسا.» لېكىن، ئۇنىڭ بۇ خىل ئازابلىق تۇيغۇلىرى سەھەر قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۈمۈلۈش بىلەن تەڭ غايىب بوپتۇ.

ئارقىدىنلا ئۇنى خۇشال قىلىپ بىر كەپسىز تىيىنچاق پەيدا بوپتۇ، ئۇ قار قىزنىڭ يېنىدىكى قارىغاي ئۈستىدە تۇرۇپ بىرھازا قار قىزنى كۆزەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا چۇقان كۆتۈرۈپتۇ:

— ھەي - ھەي! تېز كېلىڭلار! بۇ يەردە ئوماققىنە بىر قار قىز پەيدا بوپتۇ، تېز كېلىڭلار!

شۇ ھامان تاغ ئورمانلىقىغا ماكانلاشقان ئۇنىڭ دوستلىرى: ئۇزۇن قۇلاق ئاق توشقان، قورقۇنچاق بوز بۆجەن، چىپار بۇغىچاق، شاقىلداق سېغىزخان، رەڭدار قىرغاۋۇللار يېتىپ كەپتۇ، ھەتتا قىش كىرىشى بىلەن تەڭ ئۆچەككە كىرىۋالغان سېمىزغىنە ئېيىقچاق بىلەن تىكەنلىك كىرپىجانلارمۇ ئۆۋىسىدىن چىقىپتۇ. ئاندىن كۆپچىلىك قار قىزنى چۆرىدەپ غۇلغۇلىغا چۈشۈپتۇ.

— پاھ ! نېمىدېگەن ئوماق - ھە !؟ — دەپتۇ بوز بۆجەن ھەۋەس بىلەن.

— بىراق، ئۇنىڭ بىزنىڭكىدەك چىرايلىق ئۇزۇن قۇلاقلىرى يوقكەن، — دەپتۇ ئۇزۇن قۇلاق ئاق توشقان.

— شۇ يېرىنى دېمىسە ئۇ بەك چىرايلىقكەن.

— توغرا - توغرا! — دەپتۇ بوز بۆجەن دەرھال ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ،— بىز توشقان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىمىز شۇنداق ئۇزۇن ھەم چىرايلىق بولۇپلا قالماي يەنە تېخى خەۋپ- خەتەرنىڭ شەپىسىنى سېزىشكىمۇ بەك ماھىر، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى ياسىغاندا بىز توشقانلارنىڭ قۇلىقىنى ئۆرنەك قىلغان بولسا بەك ياخشى بولاركەن.

— چۆچۈرىدەك بولسىمۇ نېمىلا دېگەنبىلەن قۇلاقلىرى بار ئىكەن، ئەڭ يامان بولغىنى ئۇنىڭ مېنىڭكىدەك ھەم چىرايلىق، ھەم يوغان قۇيرۇقىنىڭ بولماسلىقى،— دەپتۇ تىيىنچاق ئۆز تېنىدىنمۇ بىر ھەسسە يوغان ھەم پارقىراق مويلۇق قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ،— ئەگەر مېنىڭكىدەك ئېسىل قۇيرۇقى بولغان بولسا، توڭلىغاندا ئۇنى ئىسسىقىنە يوتقان ئورنىدا ئىشلىتەتتى، شاختىن - شاخقا سەكرەپ ئوينىغان چاغدا ئۇ يەنە بىر پاراشۇت بولۇپ، ئۇنى يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايتتى. بىچارە، شۇ تاپتا قانچىلىك توڭغاندۇ- ھە!؟

— ياكى مېنىڭكىدەك قاپقارا پارقىراق مويلىرى بولغان بولسا ئېسىل بىر جۇۋا كىيىۋالغاندەك توڭلىماي يۈرەتتى،— دەپتۇ تاغ جىراسىدىكى مۈزلىغان ئېقىندىن تېخى يېڭىلا چىقىپ كەلگەن قۇندۇز.

— ھېچبولمىغاندا مەندەك سېمىز، بودەك بولسىچۇ، — دەپتۇ سېمىزغىنە ئېيىقچاق پومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى شاپىلاقلاپ قويۇپ، — ئۇ بەك زىلۋا - نازۇككەن، ئۇنداق بولغاندا بەك ئاجىز بولىدۇ.

— ئاجىز بولسىمۇ مەندەك تىكەنلىك بولغان بولسا

كۆشەندىلىرىگە تاقابىل تۇرالايتتى،— دەپتۇ كىرپىچان كىرىلىپ قويۇپ،— قارىماسەن، مېنىڭ بۇ تىكەنلىرىمگە، مۇشۇ تىكەنلىرىمدىن قورقۇپ ھېچكىم ماڭا ئالدىراپ چېقىلالمايدۇ.

— ۋاي تېخى ئۇنىڭ پۇتلىرىمۇ يوقكەنغۇ، — دەپتۇ چىپار بۇغىچاق،— قاراڭلار، مېنىڭ بۇ ھەم ئىنچىكە، ھەم چىرايلىق پۇتلىرىمغا، ئۇنىڭ يوگۇرەكلىكىدىن نەچچە قېتىم يولۋاس، بۆرىلەرنىڭ ئاغزىدىنمۇ قېچىپ قۇتۇلغانمەن، ئۇمۇ مېنىڭكىدەك مۇشۇنداق چىرايلىق ھەم يۈگۈرەك تۆت پۇتلۇق بولغان بولسا، ھېچبولمىغاندا مېنىڭكىدەك چىرايلىق مۈڭگۈزلىرى بولغان بولسىمۇ......

— ياكى مېنىڭكىدەك قاناتلىرى بولغان بولسا،— دەپتۇ دەرھال شاقىلداق سېغىزخان بۇغىچاقنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ،— تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتىغۇ دەيمەن، ئۇ چاغدا بىمالال ئۇچۇپ، ئويناپ، ئەركىن يايراپ يۈرەلەيتتى.

— تېخى مېنىڭكىدەك كۆركەم، رەڭدار كىيىملىرىنىڭ يوقلۇقىنى دېمەمسىلەر،— دەپتۇ قىرغاۋۇلمۇ رەڭگارەڭ جۇلالاپ تۇرغان كۆركەم پەي - قاناتلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ.

ئۇلار شۇنداق ئۇ بىرنېمە، بۇ بىرنېمە دېيىشىپ، قار قىزدىن بىرمۇنچە ئەيىب - نۇقسانلارنى تېپىشىپتۇ، قار قىز ئاڭلىغانسېرى مەيۈسلىنىپ، كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بوپتۇ.

يىراقتىن قۇياش ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ:

— «دوست يىغلىتىپ ئېيتار» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ،كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، سەن يەنىلا ھەم چىرايلىق، ھەم ئوماق، — دەپتۇ تەسەللى بېرىپ.

توغرا ! — كىچىك جانىۋارلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپتۇ. ئاخىر ئۇلار بىر ئېغىزدىن،— ئۇ يەنىلا ھەم چىرايلىق، ھەم ئوماق دېيىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بۇ خۇلاسىسى قار قىزغا تەسەللى بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەممە خاپىلىقلىرى تاراپ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كېتىپتۇ.

— كىچىكلار! ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن تىلەك تىلەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايلى، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلسۇن،— دەپتۇ چىپار بۇغىچاق. ئۇ كۆڭلىدە «مەن ھەممىدىن ئېگىز بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەممىدىن بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشۇم كېرەك ھەم كۆپچىلىك مېنىڭ پىكرىم بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك» دەپ ئويلايدىكەن.

كۆپچىلىك دەرھال ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، قار قىزنى چۆرىدەپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ ، ئۇسسۇل ئويىنىغاچ ناخشا توۋلاپتۇ .

ئاپپاققىنە قار قىزچاق ،
سەن چىرايلىق، سەن ئوماق.
تىرىلگىنە - تىرىلگىن،
گۈللەر ئۈنسۇن ئىزىڭدىن.

ئايرىلماس دوست بولايلى ،
خۇشال- خۇرام ئوينايلى.
ياڭرىسۇن شاد ناخشىمىز ،
قۇچاق ئاچسۇن بەختىمىز.

ئۇلارنىڭ ناخشا ئاۋازى تاغ ئورمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، يىراقلارغا تارايتتۇ.

قار قىزنىڭ شۇ تاپتا ئۇلار بىلەن تەڭ سەكرەپ - تاقلاپ ئويۇنغۇسى، ناخشا - قوشاق ئېيتقۇسى بار ئىكەن، لېكىن ئۇ جانسىز تۇرسا ئۇنىڭغا نېمە ئامال، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرۇشقىلا مەجبۇر ئىكەن، بىراق ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت سالغان ناخشا ئاۋازى ئاخىر ئۇنىڭغا نىجاتلىق ئېلىپ كەپتۇ.

شۇ چاغ مۇشۇ تاغ ئورمانلىقىنىڭ ئاسمىنىدا، توققۇز ئاق قۇ ئالتۇن رەڭلىك بىر چىرايلىق پەيتۇننى سۆرەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانىكەن.

ھېلىقىلارنىڭ شوخ ناخشا - قوشاق ئاۋازى پەيتۇن دېرىزىسىدىكى خىرۇستال ئەينەكلەردىن ئۆتۈپ، پەيتۇندىكى تۆت ئاق كۆكۈل پەرىزاتنىڭ قۇلاقلىرىغىمۇ يېتىپتۇ ھەم ئۇلارنى دېرىزە ئەينەكلىرىنى ئېچىپ، تۆۋەنگە قاراشقا مەجبۇر قىپتۇ.

— پاھ! ئۇلار نېمىدېگەن شوخ - تېتىك - ھە!؟— دەپتۇ سېرىق كىيىملىك پەرىزات.

— شۇنداق، ئۇلار تولىمۇ ئوماق جانىۋارلار ئىكەن، — دەپتۇ ھال رەڭ كىيىملىك پەرىزات.

— مەن ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم،— دەپتۇ ھاۋا رەڭ كىيىملىك پەرىزات.

— بىراق، ئاۋۇ قار قىز بەك بىچارىكەن،— دەپتۇ ئاق كىيىملىك پەرىزات، — ئۇنىڭمۇ ئاۋۇلارغا قوشۇلۇپ ناخشا ئېيتقۇسى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كېلىپ تۇرغاندۇ - ھە!

— بەلكىم شۇنداقتۇ، لېكىن ئۇ بىر جانسىز قار ھەيكەلكەن، — دەپتۇ سېرىق كېيىملىك پەرىزات .

— نېمىلا بولمىسۇن مەن ئۇنىڭغا بەخت تىلەيمەن، — دەپتۇ ئاق كېيىملىك پەرىزات.

— بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردىن ياخشى تىلەك تىلەيلى، — دەپتۇ باشقىلارمۇ بىر ئېغىزدىن، — بىزدە ئەۋلىيالار بەرگەن بەش بەرگىلىك خاسىيەتلىك گۈل بارغۇ، ئۇنىڭ ھەربىر تال بەرگى بىزنىڭ بىر تىلىكىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، تۆتىمىز تۆت بەرگىنى ئىشلەتسەك بىر تېلى ئۆزىمىزگە ئېشىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ.

— مەن ئۇنىڭغا جان كىرىشىنى تىلەيمەن،— دەپتۇ ئاق كېيىملىك پەرىزات بىر خاسىيەتلىك ئالتۇن كومزەكتىن بەش خىل رەڭلىك، بەش بەرگىلىك خاسىيەتلىك گۈلنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاق بەرگىنى ئۈزۈۋېلىپ.

— مەن ئۇنىڭ كۈنسېرى گۈزەللىشىپ، تېخىمۇ ئوماقلىشىپ ۋە بارغانسېرى ساغلاملىشىپ كېتىشىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ھاۋارەڭ كېيىملىك پەرىزات ھاۋا رەڭلىك گۈل بەرگىنى ئۈزۈۋېلىپ.

— مەن ئۇنىڭ كۈلسە ئاغزىدىن گۆھەر چېچىلىپ، يىغلىسا كۆزلىرىدىن مەرۋايىت تۆكۈلۈشىنى، ھەرگىز موھتاجلىقتا قالماسلىقىنى تىلەيمەن،— دەپتۇ سېرىق كېيىملىك پەرىزات سېرىق گۈل بەرگىنى ئۈزۈۋېلىپ.

— مەن ئۇنىڭ ماڭغان يولىدىن ئەتىرگۈللەر ئۈنۈپ، كۆكلەپ، ئېچىلىپ تۇرۇشىنى، ئۇ تۇرغان جاينىڭ قىشتىمۇ باھاردەك ئىللىق بولۇشىنى، قوتلۇق قەدەملىرى سەۋەبلىك

چۆل - باياۋانلاردا بولاقلار بولدۇقلاپ، باغوبوستانلىقلار پەيدا بولۇشىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ھال رەڭ كىيىملىك پەرىزات ھال رەڭلىك گۈل بەرگىنى ئۇزۇۋېلىپ.

ئاندىن ئۇلار بىرتال يېشىل بەرگلا قالغان خاسىيەتلىك گۈلنى ئالتۇن كومزەككە سېلىۋېتىپ، ئۇزۇۋالغان تۆت خىل رەڭلىك گۈل بەرگىنى تۆۋەنگە تاشلاپتۇ.

تۆت تال گۈل بەرگى تۆت يۇلتۇز بولۇپ، قار قىزنىڭ جىسمىغا قونۇپتۇ، شۇ ھامان قار قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆت خىل رەڭلىك نۇر چاقناپ، ئارقىدىنلا ئۇ مىدىرلاپتۇ، پۇت - قولىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپتۇ، لەۋلىرىدە مىننەتدارلىق كۈلكىسى جىلۋە قىپتۇ، ھەقىقىي بىر ئىنسان بالىسىغا، يەنە كېلىپ كۆرگەنلا كىشىنىڭ ئامراقلىقى كېلىدىغان تولىمۇ ئوماق، ھال رەڭلىك گۈللەر كەشتىلەنگەن ئاق يېپەك كۆڭلەك، خىرۇستال كەش كىيگەن ئون نەچچە ياشلاردىكى بىر چىرايلىق قىزغا ئايلىنىپتۇ.

كۆپچىلىك بۇ مۆجىزىدىن شادلىنىپ، ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، چاۋاك چېلىشىپ، سەكرەپ كېتىپتۇ ۋە:

قار قىزچىقىم، قار قىزچاق ،
سەن چىرايلىق، سەن ئوماق .
كەلگىن ئاداش بولايلى،
ناخشا- قوشاق ئېيتايلى .

گۈللەر ئۇندى ئىزىڭدىن،
ئۇنچە ياغدى كۈلكەڭدىن .

ياڭرىسۇن شاد ناخشىمىز،
قۇچاق ئاچتى بەختىمىز.
قۇتلۇقلايلى شادىمان،
ئايرىلماس دوست بىز هامان.

ئۇلار ئەمدى قار قىزنىڭ ئاپپاق هەم يۇمران قوللىرىدىن تۇتۇپ بىللە ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

كۆكتىكى ئاق كۆڭۈل پەرىزاتلار بولسا، ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ، يىراقتىكى سىرلىق ئوردىسى تامان يۈرۈپ كېتىپتۇ.

دوستلىرى خېلى ئۇزاققىچە قار قىزنى قۇتلۇقلاپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپتۇ، قار قىزنىڭ ماڭغان ئىزلىرىدىن ئەترگۈللەر ئۈنۈپ، كۆكلەپ، رەڭگارەڭ پورەكلەپ ئېچىلىپ بىر گۈلزارلىق بەرپا بوپتۇ، گۈلزارلىق يەنە باهار ئاپتىپىغا چۈمۈلۈپ، قىش سوغۇقى يىراقلارغا قېچىپتۇ. بۇلاقلار پەيدا بولۇپ، كىچىك تاراملار هەر تەرەپكە سوزۇلۇپ، سۇلىرى شىرىلداپ ئېقىپتۇ. كۆلگەندە ئاغزىدىن چېچىلغان هەر خىل رەڭلىك گۆهەرلەر، يۇلتۇزدەك جۇلالاپ كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپتۇ.

— ۋاھ! — دېيىشىپتۇ قار قىزنىڭ دوستلىرى، — نېمىدېگەن پەيزى. ماكانىمىز جەننەتتەك گۈزەللىشىپ كەتتى، رەھمەت ساڭا قار قىز.

— دوستلار! — رەھمىتىمىزنى قۇرۇق گەپ بىلەن تۇگەتمەي، ئۇنىڭغا بىردىن سوۋغات بېرەيلى، — دەپتۇ سېمىزغىنا ئېيىقچاق كۆپچىلىكنى تىنچلاندۇرۇپ، ئۇ

ھەممىدىن سېمىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى مۇشۇ تاغ ئورمانلىقىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۆتىۋەرى دەپ سانايدىكەن ھەم كۆپچىلىككە بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى كۆز- كۆز قىلماقچى بولغانىكەن، كۆپچىلىك ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ: — شۇنداق قىلايلى، بۇ تولىمۇ بەلەن تەكلىپ بولدى.

ئاندىن ھەممىسى قار قىزنىڭ:

— ھاي! بولدى قىلىڭلار، ياخشى كۆڭلۈڭلەرگە رەھمەت، — دېگىنىگە قارىماي تاراپ كېتىپتۇ.

ھايال ئۆتمەي تېينچاق قىشلىق ئوزۇقلۇق ئامبىرىدىن يوغان بىر دانە قىپقىزىل ئالمىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئاق توشقان يوغان بىر تۇپ بەسەي، بوز توشقان بىر باغلام سەۋزە ئېلىپ كەپتۇ (بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى ئىكەن)، قۇندۇز تاغ جىراسىدىكى ئېقىن ئاستىدىن بىر پارچە ئېسىل قاشتاش تېپىپ كەپتۇ، كىرپىجان بولسا پىيالىدەك بىر سېۋەتتە قۇرۇق يېمىش ئېلىپ كەپتۇ، سېغىزخان يىراقتىكى پادىشاھ ئوردىسىدىن خانىشنىڭ ئالتۇن تارغىقىنى ئېلىپ كەپتۇ، ياسانچۇق قىرغاۋۇل بولسا قاچاندۇر تېپىۋالغان ھەم ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن ھال رەڭ يىپەك لېنتىسىنى، چىپار بۇغا قاياق-لارغىدۇر كېتىپ خېلى بىر ۋاقىتتىن كېيىن بىر تال ئالتۇن رەڭلىك مېھرىگىياھنى چىشلەپ ئېلىپ كەپتۇ، ئاندىن كۆپچىلىك ھەممىسى سوۋغىتىنى قار قىزنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

— رەھمەت! — دەپتۇ قار قىز خۇشاللىق ياشلىرى

بــۇلاقتەك كۆزلىرىــدىن لىغىــرلاپ تۇرغــان ھــالەتتە، — ھەممىڭلارغا رەھمەت!

ئۇ ئـالتۇن تارغـاق بىـلەن قاپقـارا سۇمبۇل چـاچلىرىنى تـاراپ، ھـال رەڭ يىـپەك لىنتـا بىـلەن بوغۇۋاپتـۇ، شـۇنىڭ بىلەن ئـۇ تېخىمۇ چىرايلىقلىـشىپ كېتىپتـۇ، ئۇنى كـۆرگەن ھەرقانــداق كىــشى ئۇنىــڭ گــۈزەللىكىگە ھەۋەســلىنىپ، كـۆزلىرىنى ئـۈزەلمەي قالىـدىكەن. ئـاھ ! ئۇنىـڭ گىلاسـتەك لەۋلىرى، ئالمىدەك مەڭزى، بۇلاقتەك كۆزى، ئۇزۇن - ئۇزۇن تال ـ تال قايرىمـا كىرپىكلىـرى، قىيغـاچ قاشـلىرى، ھـال رەڭ گـۇل كەشـتىلەنگەن ئاپپـاق يىـپەك كـۆڭلىكى، سۈپـسۈزۈك خىرۇسـتال كەشـلىرى، ئەيتـاۋۇر ھەممىـلا يىـرى، ھەممىـلا نەرسىسى شۇنداق چىرايلىق، ھەرقـانچە تەرىپلىـسىمۇ ئـازلىق قىلغـۇدەك ئىـكەن، لـېكىن گـۈدەك قەلبـى بولـسا تـۇرق- رۇخسارىدىنمۇ گۈزەل ئىكەن.

ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا پەيدا بولـۇپ قىلىـشىغا سـەۋەبچى بولغــان« ئوتــۇنچى بــالا » نــى ئېــسىگە ئــاپتۇ (چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمىنى تېخى بىلمەيدۇ ـ دە) ھەم ئۇنىـڭ قىلغان ياخشىلىقىنى قايتۇرماقچى بوپتۇ.

— قەدىرلىك دوستلىرىم، — دەپتۇ ئـۇ سـوۋغات ئېلىـپ كەلـگەن دوسـتلىرىنىڭ ھەممىـسىنى بىـر قېتىمـدىن سـۆيۈپ تەشــەككۈر ئېيتقانــدىن كېــيىن، — بــۇ قىممەتلىــك سـوۋغاتلىرىڭلارنى ھېلىقـى ئوتـۇنچى بالىغـا ئاپىرىـپ بېرەي دەيـمەن، بـۇ ئـارقىلىق ئۇنىـڭ ماڭـا قىلغـان ياخـشىلىقى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرسەم.

— مەن ئۇنىـڭ قەيەردە تۇرىـدىغانلىقىنى بىلىـمەن، —

دەپتۇ دەرھال بارمايدىغان يېرى يوق سىڭىزخان، — مەن باشلاپ باراي.

— شۇنداق قىلايلى، — دەپتۇ چىپار بۆغا، ئۇ يول باشلىسۇن، كۆپچىلىك ھەممەيلەن بىرگە بارايلى.

— بىراق، ئۇ بىزنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈپ گۆشىمىزنى پولۇغا بېسىپ يېۋەتمەس ـ ھە؟! — دەپتۇ قورقۇنچاق بوز بۆجەن ئەندىشە قىلىپ.

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپتۇ قار قىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ خېلى ئاق كۆڭۈل، ياخشى بالا، — دەپتۇ تىپىنچاقمۇ ئۇنى پەپىلەپ، — قورقما، ئۇ ھېچقايسىمىزغا چېقىلمايدۇ.

— خاتىرجەم بول، ئەگەر سېنى تۇتۇۋالغۇدەك بولسا، مەن سېنى دەرھال ئېپ قاچىمەن، — دەپتۇ چىپار بۆغا.

— يەنە مەنمۇ بار، — دەپتۇ شۇ چاغ ئېيىقچاق مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — مەن سېنى قوغدايمەن، بىراق مەن سوۋغاتلىققا ھېچنېمە تاپالمىدىم، ئۇ چوقۇم مېنى قارشى ئالمايدۇ.

— شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ يەنە سالپىيىپلا قاپتۇ ۋە، — مېنى كەچۈرگىن، مەن قۇرۇق قول كەلدىم، سوۋغات ئەكىلىشنى ئۆزۈم تەشەببۇس قىلىپ قويۇپ، يەنە ئۆزۈم ھېچنېمە ئەكىلەلمىدىم، بەك سەت بولدى، — دەپتۇ قار قىزغا خىجىللىقنى بىلدۈرۈپ.

— ھېچقىسى يوق، — دەپتۇ قار قىز ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدىن تۇتۇپ، قوڭۇر مويلۇق پېشانىسىگە يېرگەنمەستىن سۆيۈپ تۇ-

رۇپ، — سەن يەنىلا مېنىڭ ياخشى دوستۇم، ياخشى قوغدىـ
ـغۇچۇم.

— رەھمەت، — دەپتۇ ئېيىق روھلىنىپ.

— سەن ئۈنىڭغا بىر يۇدۇم ئوتۇن ئېلىپ بار، —
دەپتۇ چېپار بۇغا، — قۇرۇق قول بارغاندىن ياخشى.

— راست، نېمىشقا بۇ ئەقلىمگە كەلمىدىكىن، — دەپتۇ
ئېيىقچان خۇشال بولۇپ. ئاندىن ئۇ قۇرۇق ـ قاقشال دەرەخـ
ـلەرنى تېپىپ، قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، سۆرەپ مېڭىپتۇ.

ئەمدى كۆپچىلىك سىغىزخاننىڭ يول باشلىشى بىلەن
خۇشال ـ خۇرام يۈرۈپ كېتىپتۇ .

ئۇلار مەنزىلگە يېتىپتۇ، ھېيتەمجان ئۇلارنى خۇشاللىق
بىلەن قارشى ئاپتۇ .

— ئۆيۈم كونا ھەم كىچىك بولسىمۇ، لېكىن سىغىـ
ـشىمىز، — دەپتۇ ئۇ ھەممەيلەننى ئۆز ئۆيىدە تورۇپ قېلىشقا
تەكلىپ قىلىپ، — شۇغىنىسى ئوتۇنلىرىمىز قاردا نەملىشىپ
قالغاچ ئىس تۈتەپ كۆيمەيۋاتىدۇ.

— بۇنىڭمۇ ئامالى بار، — دەپتۇ كىچىك دوستلار ۋە
قۇياشقا قاراپ چۇرقىرىشىپتۇ.

قۇياش بوۋا، قۇياش بوۋا ،
بىر ياخشىلىق قىلغىنە .
ئوتىنىمىز ھۆل ئىكەن بەك ،
تېز قۇرۇتۇپ بەرگىنە.

شۇ ھامان قۇياش كۈلۈمسىرەپ تېخىمۇ پارلاق نۇر

چىچىپ، ھۆل ئۇتۇنلارنى تېزلا قۇرۇتۇپ بېرىپتۇ.

— رەھمەت، رەھمەت!— دەپ تۇۋلىشىپتۇ كۆپ-چىلىك.

ئەمدى ھېيتەمجاننىڭ ئوچىقىدا ئوت گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە، قازىنى گىژىلداپ قايناشقا باشلاپتۇ، ئۆي ئىچى ئىللىقلىققا چۆمۈپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئەكەلگەن سوۋغاتلىرى ۋە قار قىزنىڭ خاسىيىتى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئەمدى بەخت ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلاپتۇ، بىراق «ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى» بار دېگەندەك، كۈتۈلمىگەن بالايىئاپەتلەرمۇ ئۇلارنى ماراپ يۈرۈپتۇ.

نېمە بالايىئاپەت دەمسىز، مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر قاراڭغۇ غاردا، جاھاندىكى ھەممە گۈزەللىكلەرگە ھەسەت قىلىدىغان ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ بەختىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان، رەڭگى - رۇخسارى تولىمۇ ئاق، لېكىن كۆڭلى كۆمۈردىنمۇ قارا بىر پېرىخون بار ئىكەن، ئۇ جاھاندا ئۆزىنى ئەڭ گۈزەل دەپ قارايدىكەن ۋە ئۆز گۈزەللىكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەرقانداق بىر گۈزەل مەۋجۇداتنىڭ بولۇشىنى خالىمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئالۋاستى ئەينىكىدىن پات - پات شۇنداق سوراپ تۇرىدىكەن:

— ئالۋاستى ئەيىنىكىم، ئالۋاستى ئەينەك،جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل كىم؟ تېزرەك ئېيتقىنا!

ئالۋاستى ئەينەكتە بولسا بىر بەتبەشىرە ئالۋاستى چىراي زاھىر بولۇپ، شۇنداق جاۋاب بېرىدىكەن:

ئىگەم جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل پەقەت،
تەڭدىشى تېپىلماس ئەبەدىلئەبەت.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پېرىخون قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدىكەن - دە، ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ توختىماي تور توقۇيدىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ يېمىكى چىۋىن - پاشا، ھەرە - كېپىنەك...... دېگەندەك ھاشاراتلار ئىكەن.

قار قىز ھېيتەمجاننىڭ ئۆيىدە كىچىك دوستلىرى بىلەن خۇشال - خۇرام ياشاۋاتقان كۈنلەردە، ئۇ پېرىخون يەنە ئالۋاستى ئەينىكىدىن ئادىتى بويىچە سوراپتۇ:

— ئالۋاستى ئەينىكىم، ئالۋاستى ئەينەك، جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل كىم؟ تېزرەك ئېيتقىنا!

شۇ ھامان ئالۋاستى ئەينەكتە بىر بىرگىنچىلىك ئالۋاستى چىراي زاھىر بولۇپ شۇنداق دەپتۇ:

ئىلگىرى سەن ئىدىڭ ئەڭ گۈزەل پەقەت،
ئۆزگەرمەس دېگەنتىم ئەبەدىلئەبەت.
ئەپسۇسكى، قار قىزى يارالدى ئەمدى،
ئۇ سەندىن گۈزەلدۇر، بۇ بىر ھەقىقەت.
يوق قىلغىن ئۇنى سەن جاھاندىن تېزرەك،
بەختىنى ۋەيران قىل، بەرمىگىن پۇرسەت.

پېرىخون ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ - دە:

— ياق - ياق! — دەپ كاركىرىغىنىچە قولىدىكى ئىسكىلىت باشلىق ھاسا بىلەن ئالۋاستى ئەينەكنى ئۇرۇپتۇ، ئالۋاستى ئەينەكتىن سەت چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ،

ئەينەك چۆل- چۆل بولۇپ چىقىلىپ كېتىپتۇ، غار ئىچى ئەينەك پارچىلىرى ۋە قان - يىرىڭ بىلەن تولۇپتۇ.

— ئۇ چوقۇم يوقىلىدۇ، — دەپتۇ پىرىخون غەزەپتىن ھېلى سارغىيىپ، ھېلى بوزىرىپ بىر ئورۇندا تىپىرلاپ - پىرقىراپ يۈرۈپ، — جاھاندا مەن يەنىلا ئەڭ گۈزەل بولىمەن. ئاندىن ئۇ توقۇمىدەك قېلىن بىر رەزگى كىتابنى بىرھازا ۋاراقلاپ، ئۇنىڭدىكى ئەپسۇنلارنى ئوقۇپتۇ، ئاندىن ئىسكىلىت باشلىق ھاسىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ توۋلاپتۇ:

— قار قىزنىڭ قاردىن ھاسىل بولغان جىسمى ئاستا - ئاستا ئېرىپ كەتسۇن، باھاردىكى تۇنجى چېچەك ئېچىلغان كۈنى ئۇ يوقالسۇن، باھاردا كەلگەن تۇنجى قارلىغاچ ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋەرچىسى بولسۇن، باھار ئۇنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلسۇن......

ئۇ شۇنداق دەپ قاغا قاقىلدىغاندەك قاقىلداپ كۈلۈپ كېتىپتۇ، شۇ ھامان ئەسلىدىكى ئويماقتەك ئېغىزلىرى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ قاغا تۇمشۇقىدەك بولۇپ قاپتۇ، ئاپپاق يۈزلىرى قازاندەك قارىداپ، چاچلىرى قارا قۇش پەيلىرىگە، ئىككى قولى ئىككى قاناتقا، چىرايلىق پاچاقلىرى قاغا پۇتلىرىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى پەرىزاتتەك گۈزەل سىياقىدىن بىر قاغىغا، يەنە كېلىپ تولىمۇ سەت ۋە بەتبەشىرە، ئېنى توققۇز غېرىچ كەلگۈدەك چوڭ قاغىغا ئايلىنىپ قاپتۇ، بىراق بۇ قاغىنىڭ قاناتلىرىنىڭ ئۇچىدا يەنە ئارىدەك بەش بارماق بار بولۇپ، يۈزىنىڭ بىر يەرلىرى يەنە ئادەمگە ئوخشاپمۇ قالىدىكەن، قىسقىسى ئۇ قاغا دېسە قاغا ئەمەس، ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس بىرنېمىگە

ئايلىنىپ قاپتۇ.

— سەن ئاخىر رەزىللىك سېھرىنى ئىشقا سالدىڭ، — شۇنداق سادا كەپتۇ ھېلىقى توقۇمىدەك كىتابتىن، — يەنە باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى باشلىدىڭ، ئەمدى سەن قاباھەت ئەلچىسى بولدۇڭ، ھازىرقى يىرگىنچلىك تۇرقۇڭ سالاھىيىتىڭگە ئەڭ مۇۋاپىق.

— ئەمدى سېنىڭ كېرىكىڭ يوق! — دەپ تووۋلاپتۇ پىرىخون غەزەپ بىلەن، — سەنمۇ يوقال!

ئۇ شۇنداق دەپ كىتابقا چەكچىيىپتۇ، يېلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كىتابقا تۇتىشىپتۇ.

كىتاب:

— مەڭگۇ ئەسلىڭگە كېلەلمەيسەن، سېھرىڭ ياندۇرۇۋېتىلگەندە سەنمۇ تۈگەشكەيسەن! — دەپ قارغىغىنچە كۆيۈپ كۈل بوپتۇ.

— جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل بولالمىدىم، — دەپتۇ پىرىخون غەزەپ بىلەن، — بىراق «جاھاندا ئەڭ سەت» بولسامۇ مەيلى، ئىشقىلىپ، مەن «جاھاندىكى ئەڭ» بولۇشقا ئامراق، ھېچكىم مېنى بېسىپ چۈشمەسلىكى كېرەك.

— ھا ـ ھا ـ ھا!...... — ئۇ بىرھازا شۇنداق قاقىلداپ كۈلۈپتۇ، ئاندىن يەنە زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئۇ يوقىلىپ بولغۇچە بەھرىمەن بولۇۋاتقان بەختىنىمۇ ۋەيران قىلغاچ تۇرۇشۇم كېرەك، — دەپتۇ ـ دە، بىرلا سىلكىنىپ قارا ئۈمۈچۈككە، ئىسكىلىت باشلىق ھاسا بىر توقۇش سىخىغا ئايلىنىپتۇ، ئاندىن ئۇ سېھىرلىك تور توقۇشقا باشلاپتۇ، تور توقۇۋېتىپ تووۋلاپتۇ:

— بارغىن! سېھىرلىك تورۇم، بارغىن! ئۇنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىدىغان بىرسىنى باشلاپ كەلگىن، بارغىن!

ئۇ توقۇۋاتقان تور ئۆزلۈكىدىن ئۈزىرىپ - ئۈزىرىپ، سوزۇلۇپ - سوزۇلۇپ غاردىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە يىراقلارغا كېتىپتۇ.

شۇ چاغ ياساۋۇللاردىن بىرى قاياقىدۇر كېتىۋاتقانكەن، ئۇ پېرىخوننىڭ تورىغا ئىلىنىپ قاپتۇ - دە، بارىدىغان مەنزىلى ئۇياقتا قېلىپ، ھېيتەمجاننىڭ شەھەردىن تولىمۇ يىراق ھەم بىر شۇنىڭ ئائىلىسىدىن باشقا ھېچكىم يوق خىلۇەت يېزىسى تەرەپكە قاراپ ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئاخىر ئۇ ئۆزى بىلىپ - بىلمەي ھېيتەمجاننىڭ قارلىق تاغلار ئارىسىدىكى خىلۇەت يېزىسىغا كېلىپمۇ قاپتۇ ۋە كۆزلىرى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان يوللاردا ئۇنۇپ، كۆكلەپ، ھەر شېخىدا ئونلاپ پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان رەڭگارەڭ ئەتىرگۈللەرگە چۈشۈپتۇ-دە، ھەيرانلىقتىن ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ قاپتۇ، دەل شۇ چاغدا ئۇ يەنە كىچىككىنە چېلەكنى كۆتۈرۈپ، بۇلاق بويىغا كېتىۋاتقان قار قىزنى ھەم ئەتىرگۈللەر ئۇنىڭ ئىزىدىن ئۈنۈپ كۆكلەپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ بېرىۋاتقىنىنىمۇ كۆرۈپتۇ، بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كېتىپ، قاپاق كاللىسىغا بىر شۇم نىيەتنى پۈكۈپتۇ - دە، بىر دەستە ئەتىرگۈل ئۈزۈپ، دەرھال كەينىگە يېنىپ شەھەرگە مېڭىپتۇ، ئاخىر ئوردىغىمۇ يېتىپ كەپتۇ.

شەھەر پادىشاھى بەكمۇ زالىم ئىكەن، شۇڭا ئەلنىڭ قارغىشىغا قالغانمىدىكىن، تۆتىيۈز خوتۇنى باركەنۇ، بىرمۇ پەرزەنتى يوق ئىكەن.

ھېلىقى غالچا ئۇدۇل شاھ قەسرىگە كىرىپ، بېشى يەرگە تەگكۈچە ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ، ئاندىن بىر دەستە گۈلنى شاھقا تەقدىم قىلىپ، كۆرگەن كارامەتلىرىنى ئېغىتماي- تېمىتماي يەتكۈزۈپتۇ ۋە:

— ئەي بۈيۈك شاھىنشاھ ئالىيلىرى! بۇنىداق پەرى قىزچاق ئەلۋەتتە ئۆزلىرىگە پەرزەنت، ئوردىغا زىننەت بولۇشقا مۇناسىپ، بەلكىم باشقا خاسىيەتلىرىمۇ باردۇ، بۇ قىز بىلەن ئالەمدە كاتتا شۆھرەت قازىنىلا، ئىزىدىن ئۈنگەن گۈللەر بىلەن ئوردىنى بېزەپلا قالماي، گۈل سېتىپمۇ نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىدىلا، كەلگۈسىدە قىزغا كەلگەن ئەلچىلەرمۇ ئەلۋەتتە قىممەت باھالىق سوۋغاتلار بىلەن ئوردىنى كۆمۈۋېتىدۇ، — دەپ پادىشاھنى قار قىزنى بۇلاپ كېلىشكە قۇترىتىپتۇ، شۇ ئارقىلىق پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئىنئامغا ئېرىشمەكچى بوپتۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان زالىم شاھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئەي سادىق نۆكىرىم، سېنى ئوردا ياساۋۇللىرىغا بەگ قىلدىم، دەرھال ئۇ قىزنى ئېلىپ كەل، ئاتا - ئانىسى چىرايلىقچە بەرسە بەردى، بەرمىسە ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىپ، قىزنى ئېلىپ كېلىۋەر، ساڭا كۆپلەپ ئىنئام بېرىمەن، — دەپتۇ پەرمان چۈشۈرۈپ.

ھېلىقى يالاقچى دەرھال ئون ياساۋۇلنى باشلاپ، كېچىلەپ يۈرۈپ، ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ، ئەتىسى

هېيتەمجاننىڭ يېزىسىغا يېتىپتۇ، ئۆيىگىمۇ كىرىپتۇ، هېيتەمجان دوستلىرى بىلەن تاغقا ئوتۇن ئەكەلگىلى كەتكەن بولۇپ، قار قىز بىلەن ئانىسىلا قالغانىكەن، ياساۋۇللار كىرىپ قار قىزنى:

— يۈر، سېنى شاھ ئالىيلىرى بېقىۋالماقچى، — دەپ سۆرەپ مېڭىپتۇ.

قار قىز زادىلا ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ، هېيتەمجاننىڭ ئانىسى ياساۋۇللارنىڭ قولىدىن قىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغانىكەن، ياساۋۇللار ئۇنىڭ قورسىقىغا قاتتىق تېپىۋېتىپتۇ، بىچارە ئانا دۈگجۈپ بېرىپ تامغا ئۇسۇپتۇ ۋە بېشى يېرىلىپ، قانلىرى يۈزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلاپتۇ، تېنى ئاجىز ھەم كېسەلچان ئانا بۇ قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي شۇ زامان جان ئۈزۈپتۇ. قار قىز:

— ۋاي ئانام! — دەپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ، لېكىن قارا كۆڭۈل ياساۋۇللار ئۇنى سۆرەپ - تارتىپ، ئاتقا ئارتىپتۇ- دە، شەھەرگە ئېلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قالغان سېغىزخان هېيتەمجانغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

ياساۋۇللار قار قىزنى شاھ ئوردىسىغا ئاپىرىپتۇ، زالىم شاھ ئۇنى كۆرۈپ:

— قىزچاق، ئەمدى ماڭا بالا بولىسەن، ئوردامنى گۈل- چېچەككە پۈركەيسەن، راھەت- پاراغەتتە ياشايسەن، قىرىق كېنىزەك سېنى كۈتىدۇ، — دەپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجىيىپتۇ.

— مەن ساڭا ھەرگىز بالا بولمايمەن، ئورداڭنىمۇ گۈل-

چېچەككە پۈركىمەيمەن، مېنى قويۇۋەت! — دەپتۇ قار قىز.

ئۇ خاپا بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئوردا ئىچىدە جۇت ـ شۇۋىرغان ئۇشقىرتىپتۇ، ماڭغان ئىزلىرىدىنمۇ گۈل ئۈنمەپتۇ، پادىشاھ ئۇنى ئالداش ئۈچۈن ئالتۇن قورچاقلارنى، شاكىلات ـ كەمپۈتلەرنى، چىرايلىق كىيىملەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكەلدۈرۈپتۇ، قار قىز بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچبىرىگە قاراپ قويماپتۇ، زالىم شاھ غەزەپلىنىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ ـ دە:

— دەرھال زىندانغا تاشلاڭلار، ئەتە يەنە ماقۇل بولمىسا كاللىسىنى ئالىمەن، قېنى ئۇنىڭ بويسۇنمىغىنىنى كۆرەي، — دەپ سەت كاركىراپتۇ.

ياساۋۇللار دەرھال پەرماننى ئىجرا قىپتۇ، قار قىز سوغۇق زىنداندا ھېيتەمجان ۋە دوستلىرىنى ئويلاپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

ھېيتەمجان سېغىزخان ئەكەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆيىگە يۈگۈرەپتۇ، ئانىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن جان ئۈزگىنىنى كۆرۈپ، بىرھازا يىغلاپتۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىغا كۆمۈپ قويۇپتۇ ـ دە، قار قىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شەھەرگە مېڭىپتۇ، دوستلىرى كەينىدىن ئەگىشىپتۇ، شەھەرگە يەتكۈچە كەچ كىرىپ تۈن پەردىسى يېيىلىپتۇ، شەھەرگە كىرىپ ئوردا قېشىغىمۇ يېتىپتۇ، ھەممە كىشى ئىسسىق ئۆيلىرىدە، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن بولغاچقا ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ، ئوردىنىڭ تاملىرى بەك ئېگىز بولغاچقا، تامدىن ئارتىلىپ كىرىشكە كۆزى يەتمىگەن ھېيتەمجان دوستلىرى بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئوردىغا

كىرىدىغان ئىرىقنىڭ سۇگۇگۇچىنى تېپىپتۇ، شۇ يەردىن ئۆمىلەپ ئوردىغا كىرىپتۇ، زىندان ئۇلار كىرگەن جايدىن ئانچە يىراق ئەمەسكەن، قار قىزنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئۇلارغا ئاڭلىنىپتۇ، ئۇلار يىغا ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە بېرىپ زىندانغا يولۇقۇپتۇ، زىندان ئىچى قار قىزنىڭ ھۆسن-جامالىدىن بالقىغان نۇر بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن ۋە باھاردەك ئىللىپ، گۈل- چېچەككە پۈركەنگەنىكەن.

— قار قىز، بىز كەلدۇق دەپتۇ، — ھېيتەمجان.

— بىز كەلدۇق! — دەپتۇ كۆپچىلىك.

زىندان ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان قار قىز خۇشال بولۇپ سەكرەپ تۇرۇپ كېتىپتۇ، ھېيتەمجان ئوتتۇن باغلايدىغان ئارغامچىنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

بىراق، قار قىزنىڭ يۇمران قوللىرى باغلاپ قويۇلغىنى ئۈچۈن، ئارغامچىنى تۇتالماپتۇ. ھېيتەمجان دەرھال زىندانغا سەكرەپ چۈشۈپ - دە، قار قىزنىڭ قوللىرىنى بوشىتىپتۇ، ئاندىن قار قىزنى مۈرىسىگە دەسسىتىپ كۆتۈرۈپتۇ، ئېيىقچاقلار ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ، ھېيتەمجان ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى چىڭ تۇتۇپتۇ، ئېيىقچاقلار ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تارتىپتۇ، لېكىن ئۇزى كىچىك ھەم چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تارتالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېيىقچاقنىڭ بېلىنى قار قىز، قار قىزنىڭ بېلىنى ئاق توشقان، ئاق توشقاننىڭ بېلىنى بوز بۆجەن، بوز بۆجەننىڭ بېلىنى قۇندۇزجان، قۇندۇزجاننىڭ بېلىنى تىيىنچاق، تىيىنچاقنىڭ قۇيرۇقىنى كىرپىجان تۇتۇپتۇ - دە، چىپار بۇغىنىڭ: « بىر - ئىككى- ئۈچ! » دېگەن كوماندىسى

بىلەن تەڭ كۈچەپ تارتىپ ھېيتەمجاننى چىقىرىۋاپتۇ، ئاندىن كۆپچىلىك ھەممىسى بىللە سۆڭگۈچ تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن بىر قاراۋۇل ئويغىنىپ كېتىپتۇ، ئۇ بىرمۇنچە جانىۋار بىلەن ئىككى بالىنىڭ سۆڭگۈچ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن:

— ۋايجان! ئالۋاستى، ئالۋاستى! — دەپ ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتىپتۇ، شۇ ھامان ئۇخلاپ قالغان باشقا قاراۋۇللارمۇ ئويغىنىپ ئاللا - تۇۋا، قىقاس- چۇقان كۆتۈرۈشۈپتۇ، قاراڭغۇدا بىر- بىرىگە سوقۇلۇپ ئوردا ئىچىنى مالىمان قىلىۋېتىپتۇ.

زالىم شاھمۇ ئويغىنىپ ئالدىراپ - تېنەپ، پايتىمىسىنى تەتۈر يۆگەپ، تۆلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىغا يۆگىنىپ يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، قاراۋۇللارنى تىللاپ يۈرۈپ تىنجىتىپتۇ، ئاندىن قار قىزنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ:

— تۇتۇڭلار! تېز قوغلاڭلار! قوغلاپ تۇتۇڭلار! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، ئالدى بىلەن ئۆزى ئوردىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ، ياساۋۇل بېگى بىلەن يىگىرمە - ئوتتۇز ياساۋۇلمۇ بىرلىرى يالاڭئاياغ، بىرلىرى يالاڭباش، بىرىنىڭ چاپىنى يوق، بىرىنىڭ كۆڭلىكى يوق ھالدا چىقىپتۇ، ئۇنىڭغىچە ھېيتەمجان بىلەن قار قىز سۆڭگۈچتىن چىقىپ بولغانىكەن، ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ، بۇغىچاق كالاميايى ئېيىقچاقنى ئۈستىگە مىندۈرۈۋاپتۇ، ھېيتەمجان كىرپىنى چاپىنىنىڭ پېشىگە يۆگەپ كۆتۈرۈۋاپتۇ، ئۇلار

بىرلىكتە شەھەر سىرتىغا قاراپ قېچىپتۇ، پادىشاھ بىلەن ياساۋۇللارمۇ قىلىچ-پالتىلىرىنى پۇلاڭلىتىشىپ، جان-جەھلى بىلەن:

— توختاش! توختاش! — دەپ ۋارقىراپ-جارقىراپ، شەھەر كوچىلىرىنى بېشىغا كىيىپ قوغلاپتۇ، تاڭمۇ ئېتىپتۇ.

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ:

— تېز قېچىڭلار! تېز قېچىڭلار! زالىم شاھ يېتىۋالاي دەپ قالدى،— دەپ پىچىرلاپتۇ.

ھېيتەمجان، قار قىز ۋە دوستلىرى تېخىمۇ تېز قېچىپتۇ. لېكىن، بەربىر ئۇلار كىچىك-دە، شۇڭا پادىشاھ ۋە ياساۋۇللار بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا بارغانسېرى يېقىنلاپ يېتىۋالاي دەپ قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن قۇياش غەم بۇلۇتلىرى كەينىگە مۆكۈنۈپتۇ، ئاخىر پادىشاھ ۋە ياساۋۇللار ھېيتەمجان بىلەن قار قىزنى ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى تۇتۇۋالاي دەپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلار بىرلىكتە:

سوغۇق، سوغۇق شامالالار،
تېززەك بۇيان كەلسەڭچۇ.
زالىم شاھنى قۇتقۇزۇپ،
بىزنى ئېلىپ كەتسەڭچۇ.

دەپ ناخشا ئېيتقانىكەن، سوغۇق شامال شۇ ھامان غۇرقىراپ كېلىپ، ئۇلارنى يېنىككىنە كۆتۈرۈۋېلىپ ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ، زالىم شاھ بۇنى كۆرۈپ ياساۋۇللارغا:

— تېز قوغلاپ تۇتۇۋېلىش، ئۇلارنى قاچۇرۇپ

قويۇشسالىڭ، ھەممىڭنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن،— دەپ ھەيۋە قىپتۇ ۋە ئۆز سۆزىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھاسىراپ- ھۆمۈدەپ ماڭالماي، ئارقىدا قالغان ياساۋۇللار باشلىقىنى قار قىزنى تېپىپ بېرىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ چېپىپ تاشلاپتۇ ۋە قارقىزنى تۇتقۇچىلارغا ياساۋۇل بېگىلىك ئەملى بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ. ئەمدى ياساۋۇللار جان قايغۇسى ۋە ئەمەل تەمەسىدە بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ ھېيتەمجانلارنى قوغلاپتۇ، شامالمۇ كۈچىيىپ ئۇلارنى كەينىگە تاشلاپتۇ - دە، ھېيتەمجان بىلەن قار قىز ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى تېخىمۇ تېز ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، ھېلىقى خىلۋەت يېزىسىغا يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. شامال ئارقىغا يېنىپ بارغاندا، زالىم شاھ ياساۋۇللارنى: « نان قېپى! قارغىش تەگكۇر! يارىماسلار...... » دەپ ئاغزىغا كەلگەنچە تىللاۋاتقان، ياساۋۇللار بولسا ھېرىپ - چارچاپ ماغدۇرىدىن كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، قاتتىق سوغۇقتا پۈت - قوللىرى توڭلاپ كەتكىنى ئۈچۈن، ماڭالماي قېلىشقانىكەن.

شامال بارغانچە ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپتۇ، بۇلۇت قىزمۇ ياساۋۇللار بىلەن زالىم شاھقا ئۆچ بولغانلىقى ئۈچۈن ئاق قار چېچەكلىرىنى چېچىپتۇ، قار ئاستىدا قالغان ياساۋۇللار مۇزلاپ قېتىپلا قاپتۇ، بۇنى كۆرگەن زالىم شاھ قورققىنىدىن جۇۋىسىغا تېخىمۇ چىڭ ئورىنىپ، كەينىگە قاراپ قېچىپتۇ، لېكىن قار قىزنىڭ ئىزىدىن ئۈنگەن گۈللەر چىرمىشىپ ئۇنى يىقىتىپتۇ، زالىم شاھ شۇنىڭدىن كېيىن مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالماپتۇ، چۈنكى شامال يەردىكى قارلارنى

ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ، ئۇنى كۆمۈۋەتكەن، بۇلۇت قىزمۇ قار چېچەكلىرىنى ئۇنىڭ ئۇستىگە چېچىۋەرگەنىكەن، ئاپپاق قار چېچەكلىرى زالىم شاھنى شۇ يەردىلا مۇزلىتىپ قويۇپتۇ - دە، ئۇنىڭ جېنىنى جەھەننەمگە يوللىۋېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، قار قىز قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ خېلىلا كىچىكلەپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن دائىم خۇشبۇي تەر ئېقىپ تۇرغاچقا، ھامان جىسمى ئېرىپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىدىكەن.

— ئۇنىڭغا كۆز تېگىپتۇ، — دەپتۇ سېغىزخان.

— بەلكىم زۇكامداپ قالغان بولسا كېرەك، — دەپتۇ چىپار بۇغا.

— ئۆزۈممۇ نېمە بولغانلىقىمنى بىلمىدىم، — دەپتۇ قار قىز قايغۇرۇپ، — بىراق بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتىمەن.

— ئۇ كىچىكلەپ - كىچىكلەپ يوقاپ كېتەرمۇ، — دەپتۇ ئېيىقچاق.

— شۇنداق بولارمۇ، — دەپتۇ باشقىلارمۇ قايغۇرۇپ، شۇ ھامان ھەممىسى يىغا - زارغا چۈشۈپتۇ. بىراق، بۇنىڭ نېمە پايدىسى، ئاخىر يىغلاپ - يىغلاپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئۇلار ھېيتەمجانىنىڭ ئۆيىدە ھارغىنلىق ئىچىدە بىر تۈننى ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈپتۇ، گەرچە زالىم شاھ ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرىنىڭ يوقىلىشى ئۇلار ئۈچۈن تىنچ - خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا خۇشال بولالماپتۇ، چۈنكى ھېيتەمجانىنىڭ ئانىسى قازا قىلغان، قار قىزمۇ كىچىكلەپ كېتىۋاتقان تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ خۇشال

بولالىسۇن.

ئارىدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، مانا ئەسلىدە ئۇن نەچچە ياشتىكى قىزلاردەك كۆرۈنىدىغان قار قىز يەتتە-سەككىز ياشتىكى باللارچىلىك بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كۈنسايىن كىچىكلەپ بېرىشى ھېيتەمجاننىمۇ ۋە باشقا دوستلىرىنىمۇ ئېغىر قايغۇغا سالپتۇ.

— بىر ئامال قىلسام بولاتتى، — دەيدىكەن ھېيتەمجان ئۆز - ئۆزىگە، — ئانامدىن ئايرىلدىم، ئەمدى يەنە ئەڭ يېقىن بىر كىشىمدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ.

— شۇنداق، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ بىر كۈنى ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسىنىڭ روھى چۈشىگە كىرىپ، — ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سىرلىق ئوردىغا بارغىن ئوغلۇم، ئاق كۆڭۈل پەرىزاتلاردىن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى سورىغىن، بارغىن! تېز بارغىن ئوغلۇم، ئۇ سېنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختىڭ ئۈچۈن، باھاردىكى تۇنجى چېچەك ئېچىلغۇچە، تۇنجى باھار قارلىغىچى يېتىپ كەلگۈچە بارغىن، ئۇنى قۇتۇلدۇرغىن.

— يول كۆرسەتكىنىڭىزگە رەھمەت ئانا، — دەپتۇ ھېيتەمجان ئويغىنىپ ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلىغاندەك، ئاندىن تاڭ سەھەردىلا يولغا چىقماقچى بوپتۇ.

— مەن سىرلىق ئوردىغا بارىمەن، — دەپتۇ ئۇ قار قىزغا، — ئۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل پەرىزاتلاردىن سىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى سورايمەن، مېنى كۈتۈڭ .

— سىرلىق ئوردا بەك يىراقتا، يوللىرى خەتەرلىك بولۇشى چوقۇم، — دەپتۇ قار قىز، — يەنە بىز ئويلىمىغان

خەۋپ ـ خەتەرلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ، مەن سىزنىڭ بىرەر خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىڭىزنى خالىمايمەن.......

— ياق! — دەپتۇ ھېيتەمجان، — مەن قارار قىلىپ بولدۇم ، مېنى توسماڭ .

— بىزمۇ بىللە بارايلى،— دەپتۇ چىپار بۇغا، ئېيىقچاق، ئاق توشقان، قۇندۇزچاق، كىرپىجان، قىرغاۋۇللار دەرھال.

— مەن يول باشلاپ باراي، — دەپتۇ سېغىزخان، — ئىلگىرى ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىدا بىر ئوردىنىڭ بارلىقىنى كۆرگەنىدىم.

— مەن يالغۇز قېلىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ قارقىز،— مەنمۇ بىللە باراي ئەمىسە.

— ئۆيگە قارايدىغان بىرەرسى بولۇشى كېرەك، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ بىر بۇلۇڭدا قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ بارسام بولارمۇ ، بولماسىمۇ دەپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرغان بوز بۆجەن دەرھال، — بۇ ۋەزىپىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي.

— ئۇنىڭغا كىرپىجان ھەمراھ بولسۇن، — دەپتۇ چىپار بۇغا، — ئۇنىڭ مېڭىش سۈرئىتى ئاستا، يېتىشىپ بولالماي قالىدۇ .

شۇنداق قىلىپ، قورقۇنچاق بوز بۆجەن بىلەن تىكەنلىك كىرپىجان ئۆيگە قارايدىغان، باشقىلار سىرلىق ئوردىغا بارىدىغان بوپتۇ.

— ئامان بولۇڭلار، — دەپتۇ بوز بۆجەن.

— مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، — دەپتۇ كىرپىجان.

ھېيتەمجان ئۇلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىگە رەھمەت ئېيتىپ، ھەمراھلىرى بىلەن يۇرۇپ كېتىپتۇ. قار قىزنىڭ ئاياغ ئىزلىرىدىن ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا سوزۇلغان بىر رەت ئەتىرگۇل كۆچەتلىرى قاپتۇ، بىراق بۇلار ئەمدى قار قىزنىڭ بويىغا مۇناسىپ پاكارلاپ، گۇل غۇنچىلىرىمۇ كىچىكلەپ قالغانىكەن.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئەمدىلا تاغدىن ھالقىشىغا، بىردىنلا ئوچۇق ئاسماننى كۇل رەڭ بۇلۇت - تۇمانلار قاپلاپ، قۇياشنىڭ كۇلۇپ تۇرغان چېھرى غايىب بوپتۇ، ئۇشقىرتىپ شۇىرغان چىقىپ، ئارقىدىنلا تورۇكلاپ مۆلدۈر تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ، بىراق قار قىزنىڭ ئەتراپىدا يەنىلا باھار مەنزىرىسى بولۇپ، ھاۋا ئىللىپ تۇرغاچقا جۇت - شۇىرغان ئۇلارغا تەسىر قىلالماپتۇ، تۇخۇمدەك، ئالمىدەك مۆلدۈرلەرمۇ ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كېلىپلا ئېرىپ سۇ بولۇپ، ئارقىدىنلا پارلىنىپ غايىب بوپتۇ.

— خەپ! — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ يىراقلاردىن زەئىپقىنا، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بۇلۇت - تۇمانلار تارقىلىپ، قۇياشنىڭ نۇرلۇق جامالى ئايان بوپتۇ.

— خۇداغا شۇكرى، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

— خەپ! دېگەن كىمدۇ!؟ — دەپتۇ ئۇزۇن قۇلاق ئاق توشقان.

— كارىمىز بولمىسۇن، — دەپتۇ چىپار بۇغىچاق، — تېزرەك ماڭايلى.

ئۇلار قەدىمىنى تېزلىتىپتۇ، بىراق ھايالىسىزلا زېمىن تەۋرەپ، تاغلار يېرىلىشقا، تاشلار دومىلاپ، ئۇلارنى قوغلاشقا

باشلاپتۇ.

— تېز - تېز! — دەپتۇ چىپار بۇغىچاق، شۇ ھامان قار قىز بىلەن قۇندۇزچاقنى ئۈستىگە مىندۈرۈۋېلىپ، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قويۇنىدەك تېز يۈگۈرۈپتۇ، دومىلاپ كەلگەن تاشلار يېتىشەلمەپتۇ.

— خەپ! — دېگەن ئاۋاز يىراقلاردىن يەنە ئاڭلىنىپتۇ، بۇ ئاۋازنى ئۈزۈن قۇلاق ئاق توشقاندىن باشقىلار ئاڭلىماپتۇ.

— چوقۇم يەنە بىرسى بىز بىلەن دۈشمەنلىشىۋې-تىپتۇ، — دەپتۇ ئۇ غودۇڭشىپ:

— زادى كىم بولغىيتتى ئۇ.

— تېپىۋالسام مىجىقىنى چىقىرىۋېتەتتىم، — دەپتۇ ئېيىقچاق ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ.

ئۇلار يەنە يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ يولىنى مۇز قاپلىغان بىر ئېقىن توسۇپتۇ.

— مۇز ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتەيلى، — دەپتۇ چىپار بۇغىچاق. ئاندىن ئۇ دادىل قەدەم تاشلاپ مۇز ئۈستىگە قەدەم بېسىپتۇ، باشقىلارمۇ ئەگىشىپتۇ، بىراق تۇيۇقسىزلا مۇز قاراسلاپ يېرىلىپتۇ، چىپار بۇغىچاق ۋە باشقىلار چاققانلىق بىلەن كەينىگە يېنىپ، قىرغاققا چىقىۋاپتۇ، ئېقىندىكى مۇزلار تېزلا ئېرىپ، ئەينەكتەك سۈزۈك سۇ يۈزى ئايان بوپتۇ، ئارقىدىنلا تىپتىنچ تۇرغان ئېقىن بىردىنلا ئۆركەشلەپ، كۆۋەجەپ ئېقىشقا باشلاپتۇ.

— قانداق ئۆتەرمىز! — دەپتۇ قار قىز قايغۇرۇپ.

— ئۇچۇپ ئۆتەيلى، — دەپتۇ سېغىزخان بىلەن قىرغاۋۇل.

— ئۇزۇپ ئۆتەيلى، — دەپتۇ قۇندۇزجان.

— بىراق، بىز يا ئۇچالمساق ياكى شىددەتلىك ئېقىندا ئۈزەلمىسەك قانداق ئۆتەرمىز؟ — دەپتۇ ئاق توشقان.

— مېنى كۈتۈڭلار، — دەپتۇ قۇندۇزجان، ئاندىن ئۇ چولتۇككىدە ئېقىنغا سەكرەپ، ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ، بىرهازادىن كېيىن ئېقىن يۈزىدە نەچچە ئونلىغان قۇندۇز پەيدا بوپتۇ - دە، ئۇلار بىر - بىرىگە چىرماق سېلىشىپ، ئېقىندا بىر كۆۋرۈك هاسىل قىپتۇ.

— تېز ئۆتۈڭلار! — توۋلاپتۇ قۇندۇزجان.

ئالدى بىلەن هېيتەمجان ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ ئۆتۈپتۇ، ئارقىدىن باشقىلارمۇ ئۆتۈپتۇ.

— مەن مۇشۇ يەردە سىلەرنى كۈتەي، — دەپتۇ قۇندۇز، — سۇدا ياشاشقا ئادەتلەنگەچ، قۇرۇقلۇقتىكى ئۇزاق سەپەرگە ماسلىشالمايدىكەنمەن، قايتىشىڭلاردا خىزمىتىڭلاردا بولىمەن.

— شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ هېيتەمجان.

ئۇلار يەنە يولىنى داۋام قىپتۇ، بىراق ئەمدى ئۇلارنىڭ يولىنى شاخلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن چاتقاللىق توسۇۋاپتۇ، چاتقاللىقلاردا يەنە ئۆتكۈر تىكەنلەر بار ئىكەن.

هېيتەمجان ئېلىۋالغان ئوتۇن كەسلەيدىغان پالتىسى بىلەن تىكەنلەرنى چاناپ يول ئېچىپتۇ، كۆپچىلىك ئۇ ئاچقان يولدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈپتۇ، ئۇلار ئۆتۈپ بولۇشى بىلەن يەنە ئاق توشقاننىڭ ئۇزۇن قۇلاقلىرىغا كىمدۇر بىرىنىڭ، — خەپ! — دېگەن يىرگىنچلىك ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

— يەنە شۇ ئاۋاز، — دەپتۇ ئۇ غەزەپ بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — سوراپتۇ چىپار بۇغا.

— بىرسى بىزگە دۈشمەنلىك قىلىۋېتىپتۇ، — دەپتۇ ئاق توشقان، — بىز ھەربىر خەتەردىن ئامان قالغاندا، «خەپ!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

— مەنزىلگە ئازلا قالدۇق،— دەپتۇ سېغىزخان، — ئازراقلا غەيرەت قىلساق يېتىپ بارىمىز.

بىراق، ئەمدى ئۇلار زۇلمەت قاراڭغۇلۇققا دۇچ كەپتۇ، چۈنكى كەچ كىرىپ، قۇياش پاتقان، ئاسماننى بولسا قاپاقتىندۇر پەيدا بولغان قارا بۇلۇت ـ تۇمانلار قاپلىۋېلىپ، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى توسۇۋالغانىكەن.

— ئاھ خۇدا! — دەپتۇ قار قىز قايغۇرۇپ، — ئەمدى بىرەر پالاكەتكە يولۇقمىساقلا بولاتتىغۇ .

— قول تۇتۇشۇپ ماڭايلى، — دەپتۇ قار قىز ئەنسىزلىككە چۆكۈپ، — ئەمدى بىرەر پالاكەتكە يولۇقمىساقلا بولاتتىغۇ.

— قول تۇتۇشۇپ ماڭايلى، — دەپتۇ ھېيتەمجان، — بىر- بىرىمىزدىن ئايرىلمايلى.

ئۇلار قول تۇتۇشۇپ مېڭىپتۇ، بىراق تىمىسقىلاپ مېڭىشقا توغرا كەلگەچكە، سۈرئىتى خېلى ئاستىلاپتۇ، سېغىزخان بولسا يۈنىلىشنى پەرق قىلالماي، ھېيتەمجاننىڭ مۈرىسىگە قونۇپتۇ.

— ئارام ئېلىپ، ئەتە قۇياش چىققاندا ماڭساقمىكىن،— دەپتۇ ئۇ، — ئالدىمىزدا چوڭقۇر ھاڭ ـ جىلغىلار بار،

قاراڭغۇدا ھاڭغا چۈشۈپ كەتمەيلى يەنە.

— ئەتە قارا بولۇت - تۇمانلار تارىماي، يەنىلا قۇياش يۈزىنى توسۇپ تۇرۇۋالسىچۇ، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

— راست، — دەپتۇ چىپار بۇغىمۇ.

— مېنىڭ بىر ئامالىم بار، — دەپتۇ ئاق توشقان، ئاندىن ئۇ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ:

كېلىڭلار يۇلتۇزدەك چاقنىشىپ بۇيان،
دوستلۇق مېھرىنى قىلىڭلار ئايان.
موھتاج بىز قۇتلۇق قەدىمىڭلارغا،
زۇلمەت پەردىسىنى قىلىڭلار ۋەيران.
كېلىڭلار دوستلىرىم، تېزرەك كېلىڭلار،
نۇر چېچىپ يولىمىزنى روشەن قىلىڭلار.

— ئۇ كىمنى قىچقىرىۋاتىدۇ؟ — سوراپتۇ قىرغاۋۇل سېغىزخاندىن.

— جىم تۇر، — دەپتۇ سېغىزخان.

ئاق توشقان ناخشىنى قايتا - قايتىلاپ ئوقۇپتۇ، بىر چاغدا يىراقتىن سانسىزلىغان نۇرلۇق چېكىتلەر پەيدا بولۇپ، ئۇلار تەرەپكە كېلىشكە باشلاپتۇ.

— يالتىراق قوڭغۇزلار! — دەپتۇ چىپار بۇغا خۇشال بولۇپ.

ھايالسىزلا نۇرلۇق چېكىتلەر يېتىپ كەپتۇ، ئۇلارنىڭ تېنىدىن نۇر چاچىدىغان قاناتلىق قوڭغۇزلار ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ.

— ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، — دەپتۇ ئاق توشقان پەخىرلەنگەن ھالدا.

— يالتىراق قوڭغۇزلار ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپتۇ، ئۇلار ئەمدى يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بايقاپ، بىمالال يۈرۈپتۇ ۋە بىر ھاڭغا دۇچ كەپتۇ.

— قانداق ئۆتەرمىز، — دەپتۇ قار قىز ھەسرەت چېكىپ.

— ئۇچۇپ ئۆتىمىز،— دەپتۇ سېغىزخان.

— سەكرەپ ئۆتىمىز، — دەپتۇ چىپار بۇغا.

— بىزچۇ؟— دەپتۇ ئاق توشقان.

— مەن سىلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ چىپار بۇغا.

— ئۆتكۈزەلىسەڭغۇ ياخشى بولاتتى،— دەپتۇ سېغىزخان،— مۇشۇ ھاڭدىن ئۆتۈۋالساق يولىمىزمۇ خېلى ئاسانلىشاتتى، چۈنكى سىرلىق ئوردا ئەتراپى بىر گۈزەل يايلاق ئىدى، ئۇ يەردە خەۋپ - خەتەرگە يولۇقمايتتۇق.

— چوقۇم ئۆتكۈزەلەيمەن، — دەپتۇ چىپار بۇغا، — ماڭا ئىشىنىڭلار.

— ساڭا ئىشىنىمىز، — دەپتۇ ھېيتەمجان ئۇنى پەپىلەپ، — قېنى، ئاۋۋال مېنى ئۆتكۈز.

شۇنداق دەپ چىپار بۇغىغا مىنىپتۇ، چىپار بۇغا ئارقىغا نەچچە قەدەم يېنىپ ئاندىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بىر تاقلاپلا ھاڭدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

— باركاللا! — تووۋلىشىپتۇ كۆپچىلىك.

چىپار بۇغا يەنە بۇ تەرەپكە سەكرەپ ئۆتۈپ،

ھەمراھلىرىدىن بىرنى ئۆتكۈزۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، نەچچە قېتىمدىلا ھەممەيلەننى ھاڭدىن ئۆتكۈزۈپ بوپتۇ.

ئۇلار يۈرۈپتۇ، يۈرۈپتۇ، ئاخىر يەنە بىر تىك داۋانغا دۇچ كەپتۇ، داۋان توغرىسىغا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولنى سېپىلدەك توسىۋالغانىكەن، داۋاندىن ئۆتۈشكە پەقەت قاناتلىقلارغىلا ئىمكان بار ئىكەن.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دەپتۇ قار قىز.

— بىر غار بولىدىغان، — دەپتۇ سېغىزخان، — ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدىن كىرسە ئۇ تەرىپىدىن بىر يايلاققا چىققىلى بولاتتى.

— ئەمىسە ئاشۇ غارنى تاپايلى،— دەپتۇ ھېيتەمجان.

كۆپچىلىك بۆلۈنۈپ ئىزدەپتۇ، غارنىمۇ تېپىپتۇ، بىراق غار ئاغزىغا يوغان بىر تاش قويۇلغانىكەن.

ھېيتەمجان تاشنى ئىتتىرىپ، يېقىتماقچى بوپتۇ، لېكىن مىدىرلىتالماپتۇ.

— مەن مىدىرلىتىپ باقاي،— دەپتۇ ئېيىقچاق ئىشەنچ بىلەن، — مېنىڭ خېلى كۈچۈم بار. ئاندىن ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ تاشنى ئىتتىرىپتۇ، ئاخىر تاش ئاستا - ئاستا سۈرۈلۈپ غارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپتۇ.

كۆپچىلىك يالتىراق قوڭغۇزنىڭ يولنى يورۇتۇپ بېرىشى ئارقىلىق غارغا كىرىپ كېتىپتۇ.

— «خەپ توختاش»! — دېگەن ھەسرەتلىك ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ يىراقتىن يەنە.

ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، بىر چاغدا غارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن يورۇقلۇق كۆرۈنۈپتۇ.

— رەھمەت! — دەپتۇ ھېيتەمجان يالتىراق قوڭغۇزلارغا.
— رەھمەت، — دەپتۇ كۆپچىلىكمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ.
يالتىراق قوڭغۇزلار شۇ يەردىن قايتىپتۇ، ھېيتەمجان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى غاردىنمۇ چىقىپتۇ.
— ۋاھ! — دەپتۇ ئاق توشقان ھاياجان بىلەن، — بۇ يەر بىز توشقانلار جەمەتى ئۈچۈن بىر جەننەت بولغۇدەك يەر ئىكەن.
— ساڭىلا ئەمەس، ھەممىمىز ئۈچۈن، — دەپتۇ چىپار بۆغا.
— بىراق، بۇ يەردە ھاۋا ئىللىق ئىكەن، چېچەكلەر ئېچىلاي دەپ قاپتۇ، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — بۇ قار قىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەس.
— ئۇ ھازىر ئۈچ - تۆت ياشلىق بالىلاردەك بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ قىرغاۋۇل.
— تېززەك بولساق بولغۇدەك،— دەپتۇ ھېيتەمجان، — ھازىر ھەممە يەردە باھار ھارپىسى ئەمەسمۇ. ئاندىن قار قىزنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يېشىل پاياندار يېيىلغاندەك يايلاق ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنگەن، ئاپپاق بۇلۇت - تۇمانلارغا ئورالغان بىر ئېگىز چوققا ئۈستىدىكى ئالتۇن رەڭلىك ئوردا تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ، ئۇلارغا ھەمراھلىرى ئەگىشىپتۇ.
— تېززەك بولۇڭلار، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ شاخ - شىبىخدا چېچەكلىرى ئېچىلاي دەپ قالغان دەرەخ چاتقاللىرىدىن! — سىلەر چىققۇچە چېچەك ئاچماي تۇرىمىز.
— تېززەك بولۇڭلار، — دەپتۇ ئىللىق شامالمۇ ۋىشىلداپ، — مەن بېرىپ باھار قارلىغاچلىرىنى كېچىكىپرەك كېلىشكە

دەۋەت قىلىمەن.

— رەھمەت! — دەپتۇ قار قىز ئۇلاردىن مىننەتدار بولۇپ.

ھېيتەمجانلار نەچچە مىڭ پەلەمپەينى بېسىپ، ئالتۇن رەڭلىك ئوردىنىڭ مىس دەرۋازىسىغىمۇ يېتىپتۇ، بىراق ئالتۇن رەڭلىك ئوردىنىڭ مىس دەرۋازىسىغا شىر بېشى شەكلىدىكى بىر مىس قۇلۇپ سېلىنغانىكەن.

— پەرىزاتلارنى ئىزدەمسىلەر؟ — سوراپتۇ مىس قۇلۇپ.

— شۇنداق! — دەپتۇ ھېيتەمجان.

— ئۇلار ئوردىدا بار، لېكىن سىلەر مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بېرەلىسەڭلار، ئاندىن كىرىپ كۆرۈشەلەيسىلەر، بولمىسا كۆرۈشۈشۈڭلار مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ مىس قۇلۇپ.

— قېنى سورا، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

— جاھاندىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە نېمە؟ — سوراپتۇ مىس قۇلۇپ.

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، — دەپتۇ ئېيىقچاق ئالدىراپ،— ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئالتۇن.

— ياق! — دەپتۇ قىرغاۋۇل، — ۋاقىت ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك.

— توغرا جاۋاب بولدى! — دەپتۇ مىس قۇلۇپ، ئاندىن ئۇ شالاقىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ئارقىدىن مىس دەرۋازىمۇ داراڭلاپ داغدام ئېچىلىپتۇ .

كۆپچىلىك دەرۋازىدىن كىرىپتۇ، لېكىن ئەمدى ئۇلارنى كۈمۈش قۇلۇپلۇق كۈمۈش دەرۋازا قارشى ئاپتۇ.

— جاھانىدا نېمە ئەڭ يۈگۈرۈك، — سوراپتۇ كۈمۈش قولۇپ.
— مېنىڭ پۇتلىرىم، — دەپتۇ چىپار بۇغىچاق ئالدىراپ.
— ياق! — دەپتۇ قىرغاۋۇل دەرھال تۇرۇپتىش بېرىپ، — خىيال، ئادەمنىڭ خىيالى ئەڭ يۈگۈرۈك.
— كىرىڭلار، — دەپتۇ كۈمۈش قولۇپ دەرھال شاراقلاپ ئېچىلىپ، ئارقىدىن دەرۋازا قاناتلىرىمۇ جاراڭلاپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.
ھېيتەمجان ھەمراھلىرى بىلەن كۈمۈش دەرۋازىدىن كىرىپتۇ، بىراق ئەمدى ئۇلارنى ئالتۇن قولۇپلۇق ئالتۇن دەرۋازا قارشى ئاپتۇ.
— ھەقىقىي كۈچنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار؟— دەپتۇ ئالتۇن قولۇپ.
كۆپچىلىك ئەمدى قىرغاۋۇلغا قاراپتۇ.
— بىلىم ـ كۈچ، ئىنتىپاقلىق كۈچ، — دەپتۇ قىرغاۋۇل.
— توغرا ئېيتتىڭلار، — دەپتۇ ئالتۇن قولۇپ، ئاندىن ئۇ ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ئارقىدىنلا ئالتۇن دەرۋازىمۇ ھەيۋەتلىك ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ.
— سەن بۇلارنى قەيەردىن ئۆگىنىۋالغان، — سوراپتۇ چىپار بۇغا، — ئەجەب دانىشمەنلەردەك جاۋاب بېرىدىغان بوپ كېتىپسەن.
— ئىلگىرى بىر مەدرىسەدە قەپەستە بېقىلغانىدىم، — دەپتۇ قىرغاۋۇل، — شۇ چاغلاردا، مۇدەررىس- ئۆلىمالارنىڭ تالىپلارغا شۇنداق تەلىم بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

— بۇنىڭدىن كېيىن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش كېرەك بولسا، سەنلا ئېغىز ئاچقىن، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

ئەمدى ئۇلارنىڭ دوچ كەلگىنى رەڭگارەڭ گۆھەر بىلەن بېزەلگەن گۆھەر قۇلۇپلۇق بىر دەرۋازا بوپتۇ.

— ئەڭ قىممەتلىك بايلىق نېمە؟ — سوراپتۇ گۆھەر قۇلۇپ.

— ساغلاملىق، — دەپتۇ قىرغاۋۇل.

— نېمە ئەڭ زۆرۈر، — سوراپتۇ گۆھەر قۇلۇپ يەنە.

— ئەركىنلىك، — دەپتۇ قىرغاۋۇل، — مەن بۇنى ئۆزۈم ھېس قىلغان، چۈنكى مەدرىسەدە مېنى كۈمۈش قەپەسكە قامىغان، ئالتۇن قاچىدا دان-سۇ بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ماڭا ھەممىدىن زۆرۈرى يەنىلا ئەركىنلىك بولغاچقا، ئاخىر بىر ئامالىنى قىلىپ قۇتۇلۇپ چىققانىدىم.

گۆھەر قۇلۇپ جىرىڭلاپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ، گۆھەر بىلەن بېزەلگەن ئىشىكمۇ يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ داغدام ئېچىلىپ كېتىپتۇ.

ھېيتەمجان ھەمراھلىرى بىلەن بىر شاھانە قەسىرگە كىرىپتۇ.

قەسىرنىڭ تۆرىدىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئاق كىيىملىك پەرىزات شېرىن ئۇيقۇدا ئىكەن.

تەخت ئۈستىدىكى ئالتۇن قونداقتا ئولتۇرغان ئاق شاتۇتى:

— ئۇ قىرىق كۈنلۈك ئۇيقۇغا كەتتى، — دەپتۇ ئۇلارغا.

— ئۇنى ئويغاتساق بولامدۇ؟ — سوراپتۇ ھېيتەمجان.

— ئۇنىڭ ئالتۇن تارغىقى كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن، —

دەپتۇ شاتۇتى قەسىر سىرتىدىكى بىر ئەينەكتەك سۈزۈك كۆلنى ئىما قىلىپ، — ئالتۇن تارغاقنى سۈزۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ چىچىغا سالساڭلار ئويغىنىدۇ، بولمىسا قىرىق كۈنگىچە ھەرگىز ئويغانمايدۇ.

ھېيتەمجان دەرھال شاھانە قەسىردىن كۆل بويىغا چىقىپتۇ، كۆل ئانچە چوڭ ئەمەسكەنۇ، لېكىن چوڭقۇرلۇقى بىرەر يۈز غۇلاچچە بار ئىكەن، ئالتۇن تارغاق سۇ ئاستىدا ۋاللىداپ تۇرغانىكەن.

— ئۇنى قانداق ئالارمىز، — دەپتۇ قار قىز قايغۇرۇپ.

— قۇندۇز بولغان بولسا ئىشىمىز ئاسان بولاتتىكەن، — دەپتۇ ئاق توشقان.

— مەن چۈشۈپ باقايمىكىن، — دەپتۇ ھېيتەمجان، بىراق ئۇنىڭ شۇنچە چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ، ساق چىقىشىغا كۆزى يەتمەپتۇ.

— ياق! — دەپتۇ قار قىز، — سىز ھەرگىز چۈشكۈچى بولماڭ.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپ خېلىلا كىچىكلەپ بىر - ئىككى ياشتىكى باللاردەك بولۇپ قاپتۇ ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈپتۇ، بىراق كۆز ياشلىرى بولسا مەرۋايىت بولۇپ چۈشۈپتۇ.

— ماڭا مەرۋايىت بەرسەڭ ئالتۇن تارغاقنى ئاچىقىپ بېرىمەن، — دەپتۇ تۈيۈقسىز كۆلدىن بىر ئالتۇنبېلىق بېشىنى چىقىرىپ.

— مانا ھەممىسى سىزنىڭ، — دەپتۇ قار قىز ئېتىكىدىكى مەرۋايىتلارنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بېرىپ .

ئالتۇنبېلىق مەرۋايىتلارنى بىر - بىرلەپ يۇتۇپتۇ، ئاندىن كۆل ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ، ئالتۇن تارغاقنى چىشلەپ چىقىپتۇ.

— رەھمەت، — دەپتۇ قار قىز.

ھېيتەمجان شاھانە قەسىرگە كىرىپ ئالتۇن تارغاقنى ئاق كېيىملىك پەرىزاتنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا ساپتۇ، شۇ ھامان پەرىزاتنىڭ ئۆزۈن - ئۆزۈن قايرىما كىرپىكلىرى ئاجراپ، شەھلا كۆزلىرى نۇرلىنىپ ئېچىلىپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن كەلگىنىڭلارنى بىلىمەن، — دەپتۇ ئۇ، — يېشىل گۈل بەرگىلا سىلەرنى مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزەلەيدۇ، بىراق ئۇنى ئىشلىتىش ئۈچۈن يەنە ئۈچ ھەمشىرەمنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشىڭىز كېرەك.

— بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىمىز، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

ئاق كېيىملىك پەرىزات پۇۋلەپ قويۇپتۇ، ئۇلارنى بىر شامال ئۇچۇرۇپ يەنە بىر شاھانە قەسىرگە ئاپىرىپ تاشلاپتۇ.

شاھانە قەسىردىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ھاۋا رەڭ كېيىملىك پەرىزات تولىمۇ غەمكىن ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانىكەن.

— سىلەر ئۇنى گەپ قىلدۇرماقچى بولساڭلار، كۈلدۈرۈشۈڭلار كېرەك، — دەپتۇ ئالتۇن تەخت ئۈستىدىكى ئالتۇن قونداقتا ئولتۇرغان ھاۋا رەڭلىك توز، — بولمىسا ئۇ ھەرگىزمۇ سۆزلىمەيدۇ.

— ئۇنى قانداق قىلساق كۈلدۈرەلەيمىز، — سوراپتۇ

ھېيتەمجان.

ئۇنىڭ ئالتۇن توپىنى تېپىپ بېرىڭلار، — دەپتۇ ھاۋا رەڭلىك توز، — توپىسى يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ مۇشۇنداق غەمكىن بولۇپ قالدى.

— ئۇنى قەيەردىنمۇ ئىزدەرمىز، — دەپتۇ قار قىز قايغۇرۇپ. شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ يەنە كىچىكلەپ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقچىلىك بولۇپ قاپتۇ.

— تۈپتىن ئادەتتىكى قۇلاقلار ئاڭلىيالمىغۇدەك ۋىڭىلدىغان بوش ئاۋاز چىقاتتى، — دەپتۇ ھاۋا رەڭلىك توز، — ئۇنى باغدا ئوينىتىپ يۈرۈپ قويغان، شۇ يەردىن ئىزدەڭلار.

— رەھمەت، — دەپتۇ ھېيتەمجان، — بىز ئۇنى چوقۇم تاپىمىز.

— ئۇزۇن قۇلاقلىرىم تازا ئەسقاتىدىغان بولدى، — دەپتۇ ئاق توشقان ھاياجانلىنىپ، — ئۇ ئەڭ تۆۋەن ئاۋازنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ.

ئۇلار باغقا چىقىپتۇ، ئاۋۋال ھەر تەرەپتىن ئىزدىشىپتۇ، تاپالمىغاندىن كېيىن ھەممىسى تىنچلىنىپ، ئاق توشقاننىڭ توپتىن چىقىدىغان ئاۋازنى تىڭشىشىغا ئىمكان بېرىپتۇ.

— گۈللەر پىچىرلىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئاق توشقان، — ئۇلار ئالتۇن توپ يەر يۈزىدە ئەمەس دەيدۇ.

— قۇرتلار پىچىرلىشىۋاتىدۇ، — دەپتۇ بىرھازادىن كېيىن يەنە ئۇ، — ئۇلار ئالتۇن توپ توپىغا كۆمۈلۈپ قالغانمۇ ئەمەس دەيدۇ.

— چار كېپىنەك شۇبرلاۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئۇ بىر چاغدا

يەنە، — ئالتۇن توپنى قۇدۇقتىن ئىزدىگىن دەۋاتىدۇ.

— ئەنە قۇدۇق، — دەپتۇ چىپار بۇغا نېرىدىكى ئاغزى قازاننىڭ ئاغزىچىلىك، ئۇستىگە گۈمبەزلىك راۋاق چىقىرىلغان قۇدۇقنى كۆرسىتىپ.

كۆپچىلىك قۇدۇق بېشىغا بېرىپتۇ، بىراق قۇدۇق تولىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، قۇدۇق سۈيى بىر تال يۇلتۇز جىمىرلىغاندەك كۆرۈنىدىكەن، قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان چېلەكمۇ، ئارغامچىمۇ يوق ئىكەن.

— قانداق قىلارمىز؟— دەپتۇ ئاق توشقان، — ۋىڭىلدىغان ئاۋاز راستتىنلا قۇدۇق ئاستىدىن كېلىۋاتىدۇ، ئالتۇن توپ قۇدۇق ئاستىدىكەن.

— مەن ياردەم قىلايمۇ؟ — دەپتۇ شۇ چاغ قازاندەك چوڭلۇقتىكى، ھەممە يېرىنى مودۇر - چوقۇر باسقان، تولىمۇ سەت بىر چارپاقا گۈل-گىياھلار ئارىسىدىن سەكرەپ چىقىپ.

— ياردەم قىلساڭغۇ بەك ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

— ئەگەر سەن يىرگەنمەي مېنى سۆيۈپ قويساڭ، قۇدۇقتىن ئالتۇن توپنى ئاچىقىپ بېرىمەن، — دەپتۇ چار پاقا.

ھېيتەمجان دەرھال ئۇنى يىرگەنمەستىن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ سۆيۈپ قويۇپتۇ، شۇ ھامان بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ، چار پاقا رەڭدار ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ۋە كۆڭلىكىدىنمۇ رەڭدار ئەتلەستەك بىر جۈپ قاناتلىق، جۇغى ئىككى - ئۈچ ياشلاردىكى قىزدەك كېپىنەك پەرىگە

ئايلىنىپتۇ- دە:

— رەھمەت، رەھمەت! مېنى جادۇگەر پېرىخونىنىڭ سېھرىدىن خالاس قىلدىڭىز، — دېگىنىچە قۇدۇق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ ۋە ھايالسىزلا كۆك ئالماسلار بىلەن گۈل - نەقىشلەر چىقىرىپ بېزەلگەن، قوش مۇشتىنەك ئالتۇن توپنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ، ئالتۇن توپتىن سېرىق، كۆك نۇرلار جۇلالىنىپ تۇرىدىكەن.

شۇ ھامان قەسىردىن تولىمۇ يېقىملىق كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ - دە، ئالتۇن توپنى بىر شامال ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ، ئاندىن يەنە بىر شامال ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ، يەنە بىر شاھانە قەسىرگە ئەكىرىپ تاشلاپتۇ.

شاھانە قەسىردىكى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە سېرىق كىيىملىك پەرىزات بېرىلىپ كىتاب ئوقۇماقتا ئىكەن.

ھېيتەمجان ھەمراھلىرى بىلەن سالام بېرىپتۇ، بىراق ئۇنىڭدىن ئىنكاس بولماپتۇ .

شۇ چاغ تەخت يېنىدىكى يۇمىلاق ئالتۇن شىرە ئۈستىگە قويۇلغان، چوڭ خىرۇستال قاچىدىكى ئېنى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئالتۇندىن سوقۇلغاندەكلا بىر ئالتۇنبېلىق كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ، ئېغىزلىرىنى ماكىلدىتىپ، شۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر ئۇنى گەپ قىلدۇرماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭغا يېڭى بىر كىتاب سوۋغا قىلىشىڭلار كېرەك، ئۇ ھازىرغىچە جاھاندا ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان يېڭى كىتاب بولۇشى كېرەك.

— ئۇنى قەيەردىن تاپارمىز، — دەپتۇ قار قىز

قــايغۇرۇپ، شــۇنداق دەۋېتىــپ ئــۇ تولىمــۇ كىچىكــلەپ، قورچاقچىلىك بوپ قاپتۇ.

— ۋاقتىمىز بەك قىس تۇرسا، — دەپتــۇ ئــاق توشقانىمۇ ساڭپىيىپ.

— باشقا ئامال يوق،— دەپتۇ ئالتۇنبېلىق، — سىــلەرگە ياردەم قىلالمىغىنىمدىن بەك خىجىلمەن.

— مەن يــاردەم قىلــسام بولامــدۇ؟ — دېــگەن ئــاۋازنى ئاڭلاپتۇ ئاق توشقان سىرتتا كىمدۇر بىرىنىڭ، بــۇ ئــاۋاز بەك پەس، يەنە كېلىــپ بــۇ ئــاۋاز يەر تېگىــدىن كېلىۋاتقانــدەك ئاڭلانغاچقا، باشقىلار ئاڭلىيالماپتۇ.

— سىرتقا چىقايلى، — دەپتۇ ئاق توشــقان، — بىرســى مەن ياردەم قىلاي دېگەندەك قىلىدۇ.

ئۇلار شاھانە قەسىردىن سىرتقا چىقىپتۇ، قەسىر ئالــدى سۈيى زۇمــرەتتەك سۈزۈك، يەڭگىــل دولقۇنلاپ تۇرغــان بىــر كۆل، كۆل ئەتراپىدا ياپيېشىل قومۇشــلار، رەڭگــارەڭ گــۈل-گىيــاھلار ئۆســكەن، كۆلنىــڭ ئــۇ يەر- بۇيەرلىرىــدە بولــسا، سېرىق نېلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ كەتــكەن، كــۆل ۋە ئۇنىــڭ ئەتراپى تولىمۇ گۈزەل ئىكەن.

— گەپ قىلغان كىم؟ — توۋلاپتۇ ئاق توشقان.

شــۇ چــاغ كۈشــۈلدىغان ئــاۋاز بىــلەن تەڭ، كــۆل گىرۋىكىدىكى بىر كاماردىن بىلەكتەك تومىلۇقتىكى، تېرىــسى ئەتلەستەك ئالىيېشىل بىر چوڭ يىلان بېشىنى چىقىرىپتــۇ، ئۇنىڭ سېرىق كۆزلىرىدىن ئالىيېشىل نۇر چاقنــاپ، ئاچمــاق تىلىدىن زەھەر تېمىپ، ئىككى جۈپ بىگىزدەك چىشلىرى ئادەمگە ۋەھىمە سېلىپ تۇرغۇدەك.

ئــاق توشــقان قورقــۇنچتىن دەرھــال ھېيتەمجاننىــڭ كەينىگە مۆكۈۋاپتۇ، ئېيىقجاننىڭ مويلىرى ئارىسىدىن سوغۇق تەر تەپچىپتۇ، چىپار بۆغمۇ كەينىگە داجىپتۇ، سېغىزخان بــىــلەن قىرغــاۋۇل بولــسا ئــاللىبۇرۇن دەرەخ شــېخىغا چىقىۋېلىشقانىكەن.

— قورقماڭلار! — دەپتۇ پەقەت كېپىنەك پەرىلا، — ئۇ ھەرگىز بىزگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ.

— سەن بىزگە جاھاندا تېخى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان يېڭى كىتابنى تېپىپ بېرەلەمسەن، — سوراپتۇ ھېيتەمجان.

شۇنداق! — دەپتۇ يىلان، — بىراق بىر شەرتىم بار.

— نېمە شەرتىڭ بولسا ئېيتىۋەرگىن، — دەپتۇ ھېيتەمجان، — قولىمىزدىن كېلىدىغانلا بولسا ئورۇنلايمىز.

— ســاڭا جاھانــدا تېخــى ھــېچكىم كــۆرۈپ باقمىغــان كىتابنى تېپىــپ بېرىمەن،— دەپتۇ يىلان،— شۇ چاغدا سەن مېنى سۆيۈپ قويۇشۇڭ كېرەك.

— ماقۇل، — دەپتۇ ھېيتەمجان سەل ئىككىلىنىپقىنا.

— زەھەرلىنىپ قالىسىز، — دەپتۇ قار قىز ئەنسىرەپ،— بۇ شەرتنى قوبۇل قىلىسىڭىز بولمايدۇ.

— پۇشــايمان قىلىــدىغان بولــساڭ، مەن كېــتەي، — دەپتۇ يىلان كامىرىغا كىرىپ كېتىشكە تەمشىلىپ.

— نېملا بولمىسۇن شەرتىڭنى ئورۇنلايمەن، — دەپتۇ ھېيتەمجان.

يىلان شۇ ھامان:

— مېنى ساقلاڭلار، — دەپتۇ ـ دە، كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ، بىر چاغدا زېمىن تىترىگەندەك بولۇپ، ئارقىدىنلا

يەنە تەۋرىنىپ كېتىپتۇ، كۆل سۈيىمۇ مەۋج ئۇرۇپ داۋالغۇپ كېتىپتۇ، كېيىن بارا - بارا ھەممە تىنجىپ يەر ئاستىدىن ۋىىشىلدىغان ئاۋاز كېلىشكە باشلاپتۇ - دە، بۇ ئاۋاز كۈچىيىپ - كۈچىيىپ، كېيىن ھېلىقى يىلان كامارىدىن چىققاندىن كېيىن توختاپتۇ، يىلان بىر ئالتۇن قۇتىنى چىشلەپ چىققانىكەن.

قۇتىنى يەرگە قويغان ھامان ئۆزلۈكىدىن يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى چىقىرىپ ئېچىلىپتۇ، قۇتىدىن بولسا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، خۇرۇم تاشلىق بىر ئېسىل كىتاب چىقىپتۇ.

— ئەمدى ۋەدەڭنى ئورۇنلا، — دەپتۇ يىلان.

ھېيتەمجان ئۇنىڭ زەھەر بىلەن نەملىنىشىپ قالغان ئاغزىغا سۈيۈپ قويۇپتۇ، بىراق ئۇنىڭغا زەھەر ئەمەس، بەلكى شېرىن بىر تەم تېتىپتۇ، شۇ ھامان يەنە مۆجىزە يۈز بېرىپ، يىلان بىر ساھىبجامال ئادەم بېلىققا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنىدىكى بېلىق تېنى، ئەتلەستەك رەڭگارەڭ ئالتۇن قاسراقچىلار بىلەن قاپلانغانىكەن.

— جادۇگەر پىرىخوننىڭ سېھرىدىن ئازاد بولدۇم، — دەپتۇ ئادەم بېلىق، — سىزگە كۆپ رەھمەت.

ئادەم بېلىق شۇنداق دەپلا چولتوككىدە كۆلگە سەكرەپتۇ، شاھانە قەسىردىن بولسا بىر شامال چىقىپ، ئالتۇن ھەللىك كىتابنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ - دە، يەنە بىر شامال ھېيتەمجان ۋە ھەمراھلىرىنى تۆتىنچى شاھانە قەسىرگە ئاپىرىپ تاشلاپتۇ.

شاھانە قەسىر تۆرىدىكى شاھانە تەخت ئۈستىدە، ھال رەڭ كىيىملىك پەرىزات يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭ

يىغىسى تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، كىرگەنلەرمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ .

شۇ چاغ، قاناتلىرى كەڭ بىر ھال رەڭ كېپىنەك ئۇچۇپ كېلىپ:

— يىغلىماڭلار، باغدىكى گۈللەرگە ئۇششۇك تەگدى، ئەگەر ئۇلارنى ياشارتالىساڭلار پەرىزاتمۇ يىغىدىن توختايدۇ، سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلايدۇ، بولمىسا ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدۇ ھەم سۆزلىمەيدۇ، — دەپتۇ ئۇلارغا، ئاندىن ئۇلارنى شاھانە قەسىر سىرتىدىكى گۈلباغقا باشلاپ چىقىپتۇ، شۇ تاپتا گۈلباغدا جۈت - شىۋىرغان ئۇششۇقىرتىپ، گۈل- گىياھلارنى ئۇششۇتۇۋەتكەن، ھەممە نەرسە ئاپپاق قىروۋ ئاستىدا قالغانىكەن.

قار قىز گۈلباغقا كىرگەن ھامان جۈت - شىۋىرغان توختاپتۇ، باغ ھاۋاسى ئىللىپ، ئاپپاق قىرووۋلار ئېرىپتۇ، لېكىن ئۇششۇك تېگىپ سولاشقان گۈللەر ئەسلىگە كەلمەپتۇ.

— گۈللەر ئەسلىگە كەلمىدى، قانداق قىلارمىز؟ — دەپتۇ قار قىز قايغۇرۇپ ھەم شۇنداق دەۋېتىپ ئۇ باشمالتاقچىلىك بولۇپ قاپتۇ.

— مېنى قۇچاقلاپ قوي،— دەپتۇ شۇ چاغ بويى ئۇچ غېرىچچە كېلىدىغان، قولىدا كاناي تۇتۇۋالغان بىر مۇز بالا ھېيتەمجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ.

ھېيتەمجان دەرھال ئۇنى قۇچاقلاپتۇ، مۇز بالىدىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا جاندىن ئۆتكۈدەك قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپتۇ، چىشلىرى كاراسلاپ، ئۆزى لاغىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ.

— تېخىمۇ چىڭراق، تېخىمۇ ئۇزاقراق قۇچاقلا، — دەپتۇ مۇز بالا.

ھېيتەمجان چىدام- غەيرەت بىلەن مۇز بالىنى تاكى ئۇنىڭ تېنى ئېرىلىپ، ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلگۈچە مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپتۇ، مۇز بالىنىڭ تېنىدىن خېلى كۆپ ھور چىقىشى بىلەن تەڭ، ئۇ تولىمۇ ئوماق ۋە چىرايلىق، سىمىزغىنە بىر ئوغۇل بالىغا ئايلىنىپتۇ، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئامراقلىقى كەپتۇ.

— ئازاد بولدۇم! جادۇگەر پېرىخوننىڭ سېھرىدىن ئاخىر ئازاد بولدۇم، — دەپتۇ ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ئاندىن قولىدىكى كانايىنى چاپتۇ،— دۇت - دۇت - دۇت......

كانايىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن تەڭ گۈلباغدىكى گۈللەر بۈك - باراقسانلىشىپ، ھەر شېخىدا نەچچە ئونلاپ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپتۇ، كېپىنەكلەر يايرىشىپ، قۇشلار سايرىشىپ، بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ تارام - تاراملاردا ئويناقشىپ ئېقىشىپ، گۈلباغ ئىچى يېڭى ھاياتىي كۈچكە تولۇپتۇ،ھېيتەمجان شۇ كەمگىچە ئۇچراتقان ئەڭ گۈزەل مەنزىرە، ئەڭ گۈزەل باغقا ئايلىنىپتۇ.

— رەھمەت! — دېگەن سادا كەپتۇ شۇ چاغ شاھانە قەسىردىن، ئاندىن بىر شامال كېلىپ، ھەممەيلەننى يەنە بىر شاھانە قەسىرگە ئۇچۇرۇپ ئەكىرىپ قويۇپتۇ، بۇ قەسىر ئالدىنقى تۆت قەسىردىنمۇ چوڭ، ھەشەمەتلىك ۋە كۆركەم بولۇپ، تۆت تەرىپىدە تۆت ئالتۇن تەخت؛ قاق ئوتتۇرىدا بولسا بىر ئالتۇن تەختكە سۈپسۈزۈك خىرۇستال تاۋۇت قويۇلغانىكەن، خىرۇستال تاۋۇتتا بىر يېشىل كىيىملىك

پەرىزات سۈت ئۆيقۇسىدا ياتقانىكەن.

قالغان ئالتۇن تەختلەردە بولسا ئاق شاتۇتىنى قولىغا قوندۇرۇۋالغان ئاق كىيىملىك پەرىزات، ھاۋا رەڭلىك تۇزنى تىزىغا قوندۇرۇۋالغان ھاۋا رەڭ كىيىملىك پەرىزات، ئالتۇنبېلىقى مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىدەك قۇچىقىدا ئۇخلاپ ياتقان سېرىق كىيىملىك پەرىزات، قولىدىكى گۈلچىنىسى تاۋاقتەك چوڭ ئەتىرگۈلگە، ھال رەڭلىك چوڭ كېپىنەكنى قوندۇرۇۋالغان ھال رەڭ كىيىملىك پەرىزاتلار ئولتۇرۇشقانىكەن.

— يېشىل گۈل بەرگىنى سىلەرگە بېرىشنى قارار قىلدۇق، — دەپتۇ ئاق كىيىملىك پەرىزات، — ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئۇ پەقەت سىلەرنىڭ بىرلا ئارزۇيۇڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلايدۇ.

— ئارزۇيۇڭلارنى دەڭلار، — دەپتۇ ھاۋا رەڭ كىيىملىك پەرىزارت ئالتۇن كومزەكتىن يېشىل گۈل بەرگىلا قالغان گۈلنى ئېلىپ.

قار قىز ئەسلىگە كەلسۇن، يوقاپ كەتمىسۇن، — دەپتۇ قار قىزنىڭ ھەمراھلىرى بىر ئېغىزدىن.

— رەھمەت سىلەرگە، — دەپتۇ قار قىز، يىغلىغان ھالدا.

ھاۋا رەڭ كىيىملىك پەرىزات يېشىل گۈل بەرگىنى تاشلاپتۇ، شۇ ھامان يېشىل گۈل بەرگى بىر يېشىل يۇلتۇزغا ئايلىنىپ، قار قىزنىڭ پېشانىسىگە قونۇپتۇ - دە، قار قىز چوڭىيىپ - چوڭىيىپ، ئەسلىدىكى ئۇن نەچچە ياشلاردىكى ھالىتىگە قايتىپتۇ.

— ياخشى بولدى! ياخشى بولدى، — سەكرىشىپ كېتىپتۇ خۇشاللىقىدىن كىچىك ھەمراھلار، شۇ چاغ خىرۇستال پەيتونىدىكى يېشىل كىيىملىك پەرىزاتمۇ ئويغىنىپتۇ، تاۋۇت غايىب بولۇپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ، قەسىر ئىچى خۇش پۇراق ئالما ھىدىغا تولۇپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا چىلگىدەك يوغان، يېشىل قاشتاشتىن ئويۇلغاندەكلا بىر جۈپ ئالما چۈشكەن شاخ بار ئىكەن.

— ھەمشىرىمىز ئەسلىگە كەلدى، — دېيىشىپتۇ پەرىزاتلار خۇشال بولۇپ، — سىلەرگە رەھمەت، سىلەر ئۇنى جادۇگەر پىرىخوننىڭ قەبىھ سېھرىدىن ئازاد قىلدىڭلار.

— رەھمەت! — دەپتۇ يېشىل كىيىملىك پەرىزاتمۇ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ، قار قىزنى ھەم ئۇنىڭ ھەممە ھەمراھلىرىنى بىر-بىرلەپ باغرىغا بېسىپ، سۆيۈپ قويۇپ،— ئىلگىرى يەككە-يېگانە بۇ سىرلىق ئوردىدىن چىقىپ كېتىپ، جادۇگەر پىرىخوننىڭ سېھىرلىك تورىغا ئىلىنىپ قالغانىدىم، ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلالمىغانۇ، لېكىن سېھىرلىك ئۇيقۇغا غەرق قىلىۋەتكەن، مەن ۋە ھەمشىرىلىرىم ئاشۇ قەبىھ جادۇگەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلالىساقلا ئۇلارنىڭ خۇشاللىق كۆلكىسى مېنى ئويغىتالايتتى، مانا ئاخىر سىلەر مېنى ئويغاتتىڭلار.

— خەپ! — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ يىراقتىن ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك.

— جادۇگەر پىرىخون يەنىلا يامان نىيىتىدىن يانماپتۇ،— دەپتۇ ئاق كىيىملىك پەرىزات، — ئۇنىڭ

ئۈستىگە ئۇ سېھىرلەپ قويغان كېيىنەك پەرى، ساھىبجامال ئادەم بېلىق، ئۇماق باللارنى، يەنە ھەممىسىرىمىزنىمۇ سېھىردىن ئازاد قىلدىڭلار، ئۇ ئەمدى سىلەرگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى، ئېلىڭلار، قايتىشىڭلاردا بۇ ئالتۇن تارغاق سىلەرنى خەتەردىن قۇتقۇزىدۇ.

ئۇ ئالتۇن تارغاقنى تاشلاپ بېرىپتۇ:

— بۇ ئالتۇن تويمۇ سىلەرگە ھەمدەم بولسۇن، — دەپتۇ ھاۋا رەڭ كېپىنەك پەرىزات .

— يەنە بۇ كىتابمۇ، — دەپتۇ سېرىق كېپىنەك پەرىزات.

— بۇ گۈل سىلەرنى تىنچ - خاتىرجەم بىر ماكانغا ئىگە قىلىدۇ، — دەپتۇ ھال رەڭ كېپىنەك پەرىزات قولىدىكى ئەتىرگۈلنى ئۇلارغا تاشلاپ بېرىپ.

— بۇ ئالما، سىلەرگە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە پىشىپ تۇرىدىغان مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ يېشىل كېپىنەك پەرىزاتمۇ بىر تال ئالمىنى ئۈزۈپ بېرىپ.

— رەھمەت! رەھمەت! — دېيىشىپتۇ ھېيتەمجان، قار قىز ۋە ھەمراھلىرى بىر ئېغىزدىن.

— ئەمدى تېزرەك قايتىڭلار، — دەپتۇ ئاق كېپىنەك پەرىزات، — جادۇگەر پېرىخوننى قورقۇنچقا سالغان بەش خىل رەڭلىك گۈلىمىز يوق بولدى، بىزمۇ سىرلىق ئوردىمىزنى ھازىرلا ئۇ بارالمايدىغان يىراقلارغا كۆچۈرۈپ كېتىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن پەرىزاتلار تەڭلا پۇۋلەپتۇ، بەش

خىل رەڭلىك شامال چىقىپ، ھېيتەمجان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى يەنە كېپىنەك پەرى، ساھىبجامال ئادەم بېلىق ۋە ئۇماق بالىنى ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ ھەم تېزلا سىرلىق ئوردىنىڭ مىس قۇلۇپلۇق ئىشىكىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ، ئارقىدىنلا سىرلىق ئوردا بەش خىل رەڭلىك تۇتەك ـ تۇمانغا چۇمكىلىپتۇ ـ دە، كېيىن شۇ تۇتەك ئىچىدىن بىر غايەت زور شار ئۇچۇپ چىقىپتۇ، شار ئىچىدە سىرلىق ئوردا بار بولۇپ، شامال بۇ گىگانت شارنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.

— ئىسىت! — دەپتۇ ئاق توشقان، — ئۇلار بەك ياخشى ـ كەن، ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق.

— كېتەيلى، — دەپتۇ ھېيتەمجان، — كەچ كىرىپ قاپتۇ.

— كەچ كىرگىنى يوق، بەلكى جادۇگەر پېرىخون سېھىر ـ ئەپسۇن بىلەن جاھاننى قاراڭغۇلاشتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ كېپىنەك پەرى.

— يولنى مەن يورۇتۇپ بېرەي، — دەپتۇ ساھىبجامال ئادەم بېلىق، ئاندىن ئۇ ئاغزىدىن نۇرلۇق مەرۋايىتنى چىقىرىپتۇ، مەرۋايىت ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ، ئالمىدەك چوڭلۇقتا بوپتۇ ـ دە، گويا بىر كىچىك قۇياشتەك نۇرلىنىپتۇ.

— يۇرۇڭلار، — دەپتۇ ئۇ ئاندىن ئىككى بىقىنىدىكى بېلىق قاناتلىرىنى لەپىلدىتىپ ئۇچۇپ، يولنى يورۇتۇپ مېڭىپتۇ.

سېغىزخان كۆپچىلىككە يول باشلاپتۇ. ئۇلار ھېلىقى غارغا يېتىپ بېرىپتۇ، بىراق غارغا كىرىش ئىشىكى بۇ قېتىم

ئۆيدەك يوغان گىرانىت تاش بىلەن توسۇۋېتىلگەنىكەن.

— ئەمدى ھەرگىز كۇچۇم يەتمىگۇدەك، — دەپتۇ ئېيىقچاق مەيۇسلىنىپ.

شۇ چاغ ئوماق بالا بىردىنلا چوڭىيىپ - چوڭىيىپ، گىگانىت ئادەمگە ئايلىنىپتۇ - دە، قورام تاشنى دەس كۆتۈرۈپ، يىراققا چۆرۈۋېتىپتۇ.

— ۋايجان! — شۇنداق ئاۋاز كەپتۇ تاش چۈشكەن يەردىن، — خەپ ئۆلگۈر، بۇ تاشنىڭ تېگىدىن چىقىۋالايچۇ، ھەممىڭنى قۇرت - قوڭغۇزلارغا ئايلاندۇرۇۋەتمىسەم، خەپ.

— كىم بولغىيتتى، — دەپتۇ قار قىز.

— جادۇگەر پېرىخون، — دەپتۇ كېپىنەك پەرى، — ئۇ بىزنى قەستلىگىلى كېلىۋاتقان بولسا كېرەك، بۇ غار يولىدىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتەيلى.

كۆپچىلىك دەرھال غارغا كىرىپتۇ ۋە تېزلا غارنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىپتۇ. بىراق، كەينىدىن جادۇگەر پېرىخوننىڭ ھاسىراپ - ھۆمۇدەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ، چۈنكى ئۇمۇ ھېيتەمجانلارنى قوغلاپ يېقىنلاپ قالغانىكەن.

— ئۇنىڭ يولىنى توس، — دەپتۇ ھېيتەمجان ئالتۇن تارغاقنى تاشلاپ.

شۇ ھامان ئالتۇن تارغاق چوڭىيىپ - چوڭىيىپ، غارنىڭ ئاغزىنى توسۇۋاپتۇ.

— باللىرىم، مەن قېرىغا رەھىم قىلىپ غاردىن چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىڭلار، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ شۇ چاغ غاردىن .

— بېشىڭنى ئۈزۈۋال، ئاندىن ئىككى قولۇڭدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇرغىن، — دەپتۇ كېپىنەك پەرى، — ئالتۇن تارغاقمۇ پارە - پارە بولىدۇ، ئاندىن چىقالايسەن.

جادۇگەر پېرىخون دەرھال قاتتىق كۈچىنىپ بېشىنى ئۈزۈپتۇ، ئاندىن ئۇ بېشىنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، كۈچەپ ئالتۇن تارغاققا ئۇرۇپتۇ.

بىر ئۇرغانىكەن، تارغاققا دەز كېتىپتۇ، يەنە بىر ئۇرغانىكەن، تارغاقنىڭ چىشلىرىدىن نەچچىسى سۇنۇپتۇ، يەنە بىر ئۇرغانىكەن، بېشى مىجىلىپ كېتىپتۇ، تارغاقمۇ پارە- پارە بوپتۇ، بىراق جادۇگەر پېرىخوننىڭ گەۋدىسىدىن يەنە بىر بېشى ئۆسۈپ چىقىپتۇ.

— خەپ! ئۈچ جېنىمدىن بىرى نابۇت بولدى، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم سەنلەردىن قىساس ئالىمەن،— دەپ چىرقىراپتۇ ئۇ، ئاندىن قويۇندەك تېز يۈگۈرۈپ قوغلاشنى داۋام قىپتۇ.

ھېيتەمجان ۋە ھەمراھلىرى ئەمدى قېچىپ - قېچىپ ھېلىقى ھاڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، بىراق ھاڭ ئەسلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە كېڭىيىپ قالغانىكەن.

— ئەمدى سەكرەپ ئۆتەلمىگۈدەكمەن، — دەپتۇ چىپار بۇغا قايغۇرۇپ.

— ھېچقىسى يوق، سىلەرنى مەن ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ كېپىنەك پەرى، ئاندىن ئۇ كۆپچىلىكنى بىر - بىرلەپ كۆتۈرۈپ ھاڭدىن ئۆتكۈزۈپتۇ، بىراق ھەممەيلەن ئۆتۈپ بولۇشى ھامان جادۇگەر پېرىخونمۇ ھاڭ لېۋىگە كېلىپ بوپتۇ.

— ئۇنى تۇسۇۋال، — دەپتۇ ھېيتەمجان ئالتۇن توپنى تاشلاپ.

شۇ ھامان ئالتۇن توپ يوغىناپتۇ، ناھايىتى يوغان بىر ئېغىزمۇ پەيدا بوپتۇ - دە، ھاڭدىن بىر سەكرەپلا ئۆتۈۋالغان جادۇگەر پېرىخونى «ھاپ» قىلىپلا يۇتۇۋاپتۇ.

— باللىرىم، مەن قېرىغا رەھىم قىلىڭلار، قانداق قىلسام بۇ توپنىڭ ئىچىدىن چىقالارمەن؟ — دەپتۇ جادۇگەر پېرىخون بىچارىلىك بىلەن.

— يەنىلا شۇ گەپ، — دەپتۇ كېپىنەك پەرى، — بېشىڭنى ئۈزۈپ، ئىككى قۇلىقىڭدىن تۇتۇپ كۈچەپ ئۇرغىن، توپتىن تۆشۈك ئېچىلىپ قۇتۇلۇپ چىقالايسەن.

جادۇگەر پېرىخون:

— خەپ! ھەرقايسىڭدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئاۋۋال چىقىۋالايچۇ قېنى، قېپقالغان بىر جېنىممۇ يېتەرلىك، — دەپتۇ ئىچىدە.

شۇنداق دەپ ئۇ بېشىنى كۈچەپ تۇرۇپ يۇلۇپتۇ، قۇلاقلىرىدىن تۇتۇپ ئۇرۇپتۇ ، بىر قېتىم ئۇرغانىكەن توپتىن يىڭنە كۆزىدەك تۆشۈك ئېچىلىپتۇ، ئىككى قېتىم ئۇرغانىكەن، توپتىن بارماق پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىلىپتۇ، يەنە بىر ئۇرغانىكەن، ئالتۇن توپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. بىراق، جادۇگەرنىڭ بېشىنىڭمۇ مىجىقى چىقىپ، مىچىلداپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بولسا ئاخىرقى بېشى ئۈنۈپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭغىچە بولسا ھېيتەمجان ۋە ھەمراھلىرى قېچىپ، قۇندۇز ساقلاپ قالغان ئېقىنغىمۇ يېتىپتۇ، قۇندۇز ئۆز جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئېقىن بويىدا مەيۈسلىنىپ

تۇرۇشقانىكەن، چۈنكى ئىپقىن يەنە بىر چىتىگە كۆز يەتمىگۈدەك كېڭىيىپ، شىددەتلىك قاينام - تاشقىنلاپ، ئاسمان - پەلەك داۋالغۇپ ئاقماقتا ئىكەن.

— بىز ئەمدى ئىپقىنغا پۈتمىزنى تىقىشتىنمۇ قورقۇپ تۇرىمىز، — دەپتۇ قۇندۇز يىغلامسىراپ، — ئەمدى قانداق قىلىدىغان ئىشكىن، تۇيۇقسىزلا ئىپقىن مۇشۇنداق ئۇلغىيىپ كەتتى، ماكانىمىزمۇ يوق بولدى، جېنىمىزنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ قالدۇق.

— قايغۇرماڭلار، — دەپتۇ ساھىبجامال ئادەم بىلىق، — ئىپقىندىن سىلەرنى مەنىلا ئۆتكۈزىمەن. ئاندىن ئۇ چولتوككىدە سەكرەپ ئىپقىنغا چۈشۈپتۇ، ئاندىن ھېيتەمجان ۋە ئۇنىڭ بارلىق ھەمراھلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆتۈرۈپ ئىپقىندىن ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق، ئۇ ئاخىرقى بىرەيلەننى كۆتۈرۈپ ئۈزۈپ، ئىپقىن ئوتتۇرىسىغا كېلىشكە، جادۇگەر پېرىخونمۇ يېتىپ كەپتۇ - دە، ئىپقىنغا سەكرەپتۇ، ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈشى ساھىبجامال ئادەم بىلىقتىنمۇ تېز ئىكەن.

— تېز - تېز، — دەپ توۋلىشىپتۇ ھېيتەمجان ۋە ھەمراھلىرى جىددىيلىشىپ.

— ئالدىرىماڭلار قوزىلىرىم، — دەپتۇ جادۇگەر پېرىخون خىرىلداپ كۈلۈپ، — مانا ھازىرلا يېتىپ بارىمەن، ھەممىڭلارنى قۇرت - قوڭغۇزغا ئايلاندۇرۇپ، ئېرىقلىرىمدا مىجىقىڭلارنى چىقىرىمەن.

ھېيتەمجان جادۇگەرنىڭ ساھىبجامال ئادەم بىلىقنى تۇتۇۋالاي دەپ قالغىنىنى كۆرۈپ، دەرھال كىتابنى ئېلىپ تاشلاپتۇ، — ئۇنى تۇسۇۋال!

شۇ ھامان كىتاب شاراق - شۇرۇق ۋاراقلىنىپ بىر بېتىدىن دىۋە، بىر بېتىدىن ئەجدىھا، بىر بېتىدىن بەتبەشىرە ئالۋاستى...... دېگەندەك بىر توپ چۆچەك پېرسوناژلىرى چىقىپتۇ - دە، جادۇگەر پېرىخوننى تۇسۇپ، ھەر تەرەپتىن قاساپ - تالاپ ئېلىشىپ كېتىپتۇ.

شۇ پۇرسەتتە ساھىبجامال ئادەم بېلىق قىرغاققا چىقىۋاپتۇ ۋە ھېيتەمجان ھەم باشقا ھەمراھلىرى بىلەن داۋاملىق قېچىپتۇ .

— خەپ! — تۇۋلاپتۇ ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولغان پېرىخون، — ھەرقايسىڭنىڭ قېچىپ قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي.

بۇ سۆزدىن كېيىنلا ئۇ ئەپسۇن ئوقۇشقا باشلاپتۇ، شۇ ھامان ئېقىن تېخىمۇ شىددەتلىك دولقۇنلاپ، داۋالغۇپ ئاخىر تاشقىنلاپتۇ - دە، تاغ جىرالىرىغا تولۇپ تېشىپ، ئارقىدىن تاغ چوققىسىغا ئۆرلەپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېلەكلەپ قۇيغاندەك شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ، ئەتراپتىكى جىمى جان - جانىۋارلار ھېيتەمجان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئېگىز بىر تاغ چوققىسىغا چىقىۋاپتۇ، بىراق كەلكۈن بولسا خۇددى توپان بالاسىدەك ئۆلغىيىپ، ئاخىر ھېلىقى تاغ چوققىسىنىمۇ چۆكتۈرۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ.

— ئىسست! — دەپتۇ قار مەلىكە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ،— مەن سەۋەبلىك ھەممەيلەن بالا - قازاغا يولۇقىدىغان بولدى .

— بۇنى سىزدىن كۆرگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ

ھېيتەمجان قار قىزغا تەسەللى بېرىپ.

— ھەممىسى ياۋۇز جادۇگەر پېرىخوننىڭ ئەسكىلىكىدىن بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ كېپىنەك پەرى، شۇ تاپتا ئۇمۇ يامغۇردا قاناتلىرى ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇچالماپتۇ.

— توگەشتۇق، — دەپتۇ ئاق توشقان يىغلامسىراپ، — ئەمدى بىر - بىرىمىز بىلەن ۋىدالىشىۋالايلى.

كۆپچىلىك قاتتىق ئەنسىزلىك، ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپتۇ، سۇ بولسا ئۇلارنىڭ ئوشۇقىنى يالاشقا باشلاپتۇ.

— بىز كەلدۇق! — توۋلاپتۇ شۇ چاغ كىمدۇر بىرى.

ئەسلىدە ئۆيدىن خەۋەر ئالغىلى قالغان بوز بۆجەن بىلەن كىرپىجان، ئۆيدىكى ياغاچ كاساڭنى كىمە قىلىپ ھەيدەپ كېلىۋاتقانىكەن، كىرپىجان پالاق ئۇرۇپتۇ، بوز بۆجەن بولسا بىر تال چوك ئاق موگۇنى كۆنلۈك قىلىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ، كىچىككىنە كاساڭ ھېلىلا دولقۇنلاردا ئۆكتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ.

— ھەرنېمە بولسا سەن بىلەنمۇ ۋىدالىشىۋالىدىغان بولدۇم قېرىندىشىم، — دەپتۇ ئاق توشقان، شۇنداق دەپلا يىغلىۋېتىپتۇ.

— يىغلىما، — دەپتۇ بوز بۆجەن كۈلۈپ، — بۇ كېمىمىزگە ھەممىڭلار سىغىسىلەر.

— نېمە، ئاشۇ كىچىككىنە كاساڭغىمۇ، — دەپتۇ ئېيىقچاق، — ئۇنىڭغا يەنە بىرىمىز چىقىپ قالساق كۆتۈرەلمەي چۆكۈپ كەتكۈدەك.

— ئاۋۋال چىقىپ باقمامسەن، — دەپتۇ كىرپىجان.

— قېنى سىناپ كۆرەيلى، — دەپتۇ سېغىزخان، —

مەن ھەممىڭلاردىن يەڭگىل بولغاندىكىن، ئاۋۋال مەن چىقىپ باقاي.

سىغىزخان شۇنداق دەپلا ئۇ كاساڭغا چىقىپتۇ، كاساڭ ئۇ سىغقۇدەك چوڭىيىپ قاپتۇ.

ئارقىدىن ئاق توشقان، قىرغاۋۇل...... ئەڭ ئاخىرىدا ھېيتەمجان چىقىپتۇ، كاساڭ بىرسى چىقسا بىر كىشىلىك چوڭىيىپتۇ، موگۇمۇ يوغىناپ - يوغىناپ ھەممەيلەننى يامغۇردىن پاناھلاندۇرۇپتۇ.

— ئۆيىمىز سۇ ئاستىدا قالدى، — دەپتۇ بوز بۆجەن،— تەلىيىمىزگە بۇ سېھىرلىك كاساڭ بىلەن ئۆي ئالدىدا ئۆسكەن موگۇ بار ئىكەن، سىلەرنىمۇ ئاپەتكە يولۇققان بولسا، قۇتقۇزايلى دەپ كەلدۇق.

بۇ ئەتراپ گويا بىر دېڭىزغا ئايلىنىپ قالدى، ئەمدى قانداق قىلارمىز، — دېيىشىپتۇ كۆپچىلىك.

— ئاۋۋال جادۇگەر پېرىخوندىن يىراقلىشايلى، — دەپتۇ ھېيتەمجان، — بەلكىم ئالدىمىزدا قۇرۇقلۇق ئۇچراپمۇ قالار.

كۆپچىلىك بىردەك ھەرىكەتلىنىپ، پۇت - قوللىرىنى پالاق قىلىپ يۇرۇپ كېتىپتۇ، يامغۇر ئۇچ كېچە - كۈندۈز يېغىپ توختاپتۇ، ئاندىن ھاۋا سۈزۈلۈپ، ۋاللىدە ئېچىلىپ كېتىپتۇ، چۈنكى جادۇگەر پېرىخونىنىڭ سېھىرىمۇ ئاخىرلاشقانىكەن. بىراق، ئۇلار قەيەرگىلا قارىسا يەرلەرنى يەنىلا سۇ بېسىپ كەتكەنىكەن.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ كۆپچىلىك ھېيتەمجانغا تەلمۈرۈپ.

ھېيتەمجان دەرھال ھال رەڭ ئەتىرگۈلنى تاشلاپتۇ:

— بىزنى قۇتقۇلدۇرغىن!

شۇ ھامان ھال رەڭ ئەتىرگۈل سۇ يۈزىگە چۆشۈپ چوڭىيىپ - چوڭىيىپ، بىر چوڭ ئارالغا ئايلىنىپتۇ، كاساڭ ئاشۇ ئارالنىڭ گىرۋىكىدە توختاپتۇ.

— يېڭى ماكانىمىز، بۇ بىرگە تىنچلىق، خاتىرجەملىك، بەخت ئاتا قىلغۇچى ماكانىمىزدۇر، — تووۇلىشىپتۇ كۆپچىلىك خۇشال بولۇشۇپ. ئاندىن ھەممىسى ئارالغا چىقىپتۇ. قار قىزنىڭ قەدەم ئىزلىرىدىن ئارالدا رەڭگارەڭ ئەتىرگۈللەر ئۈنۈپ - كۆكلەپ، پورەكلەپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ، سۈزۈك تارامىلار ھەر تەرەپكە ئۆمۈچۈك تورىدەك تارىلىپ، ئاخىر دېڭىزغا تۆتىشىپ كېتىپتۇ. ئالەمنى تاشلىغانىكەن، جاھاندا بارلىكى ھەممە مېۋىلىك دەرەخلەر ئارالدا پەيدا بولۇپ، بۈك - باراقسان شاخلاپ،ھەر شېخىدا بىر بىلىدىغان ھەم بىلمەيدىغان، مەي باغلاپ پىشىپ تۇرغان تۈرلۈك - تۈمەن خىل مېۋىلەر پەيدا بوپتۇ، ئارال ئاجايىپ گۈزەل ۋە باياشادلىققا تولغان بىر ئىرەمباغقا ئايلىنىپتۇ، كۆپچىلىك شۇ يەردە خۇشال - خۇرام ياشاپتۇ.

— جادۇگەر پېرىخونچۇ؟ — دەمسىز، ئۇنى قوياشتىن سوراڭ، ئۇ بەلكىم مۇنداق جاۋاب بېرەر:

دېۋە، ئەجدىھا ۋە بەتبەشىرە ئالۋاستى...... ۋە باشقىلار بىلەن ئېلىشىپ - چېلىشىپ، ئاخىر ھالسىزلىنىپ مەغلۇپ بولغان ياۋۇز جادۇگەر پېرىخون ئاخىرقى بىر جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تەسلىم بولدى، كىتابتىن چىققان چۆچەك پېرسوناژلىرى بولسا، ئۇنى ئەسىر قىلىپ،

ئۆز سېپىگە قوشۇۋېلىش ئۈچۈن كىتابقا ئەكىرىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ رېئال دۇنيادا ئەسكىلىك قىلالمايدىغان بولدى. كىچىك دوستلار، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ھەممىڭلارغا بەخت تىلەيمەن!



# كۆپۈكتىكى دۇنيا

ئەنۋەرجان بۈگۈن ئالتە ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ تۇغۇلغان كۈنى مەرىكىسىدە ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئېلىپ كەلگەن مول سوۋغاتلارغا ئېرىشىپتۇ. ئەنە سۇ چاچىدىغان مىلتىق، ئەنە كۇنۇپكىلىرىنى بېسىپ قويسىلا مۇزىكا ياڭرايدىغان ئويۇنچۇق گىتار، يەنە مايمۇن شوپۇر رول تۇتۇپ ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا...... يەنە نەچچە قۇردىن تۆت پەسىللىك يېڭى كىيىملەر...... يەنە تېخى ئۇ ئامراق پېچىنە-پىرەنىك، شاكىلات-كەمپۇتلەر...... ئەيتاۋۇر ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنچۇق، كىيىم-كېچەك ۋە يېمەكلىكلەر، تاتلىق-تۇرۇملارغا ئېرىشىپتۇ.

ئۇ شۇتاپتا تولىمۇ خۇشال، بولسا كۈندە مۇشۇنداق تۇغۇلغان كۈنۈم بولسا، كۈندە مۇشۇنداق كۆپ سوۋغاتلارغا ئېرىشىپ تۇرسام دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك بولغان بۇ بىر كۈن ئاخىرلىشىپ، ئۇ سوۋغاتلار ئەتراپىغا تىزىپ قويۇلغان كىچىك كارىۋىتىغا چىقىپ ياتقىنىدا، ئىچ-ئىچىدىن

ئۇرغۇپ تۇرغان خۇشاللىق ھېسسىياتى خېلىغىچە بېسىلماپتۇ، تېخى پات ـ پات قولىغا يېقىن تۇرغان سوۋغاتلارنى سىلاپمۇ قويىدىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاخىر ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇخلىغاندىمۇ بەك تاتلىق ئۇخلاپ چۈشىمۇ كۆرۈپتۇ. چۈشىدە تېخى سۈرىتىنىلا كۆرۈپ باققان بوۋىسىنى كۆرۈپتۇ، بوۋايمۇ بۇ ئومىاق نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلەپ كەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇ چېھرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ تۇرۇپ ئەنۋەرجاننىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىنى ئۇنىڭ ياستۇقى يېنىغا قويۇپتۇ، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بۇرۇلۇپلا مېڭىپتۇ ۋە تېزلا غايىب بوپتۇ.

ئەنۋەرجان چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ، ئۇ تۇغۇلۇشتىن كۆپ يىللار ئىلگىرى قازا قىلىپ، بۇ ئائىلىدە پەقەت تەۋەررۈك سۈرىتىلا قالغان بۇ بوۋىسى ھېلىلا يەنە قېشىدا پەيدا بولۇپ قالغاندەك ھېس قىپتۇ ـ دە، خېلىغىچە ئۈن ـ تىنسىز يېتىپتۇ، كاللىسىنى ئەنسىز خىياللار قاپلاپ، ياستۇقنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇلغان سوۋغاتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، بىرھازا شۇ ھالدا ياتقاندىن كېيىن، ئاخىر قىزىقىشى قورقۇنچىسىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ياستۇق يېنىغا قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى سىلاپ بېقىپتۇ.

ئۇ ئۇزۇنچاق بىرنەرسىدەك قىلاتتى، بىر بېشىغا تېخى ئويماقتەك بىرنېمە بېكىتىلگەنىكەن. ئەنۋەرجان چىراغنى يېقىپ ئۇنىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندا، بىردىنلا كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ ئۇ نەرسىنىڭ غاڭزىغا

ئوخشايدىغانلىقى بىلىندى، ئۇ ھاۋا رەڭ سىرلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرقۇر خەت ئويۇلغانىدى.

«ئۇ نېمە خەتتۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى ئەنۋەرجان. «خەپ، مەكتەپكىمۇ بارارمەن، تېزرەك ئوقۇشنى ئۆگىنىپ بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ خەتلەرنى ئوقۇپ باقمىسام»، بىراق ئۇنىڭغىچە بىرەرسى ئوقۇپ بەرسىمۇ ياخشى بولاتتى.

— خاسىيەتلىك كۆپۈك پۈۋلىگۈچ! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا ھېلىقى خەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى، بىراق ئۇ كىمدۇ؟

ئەنۋەرجان بۇ ئاۋازنى بىر تۇرۇپ ئاكىسىنىڭ، بىر تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاتقان بولسىمۇ، بىراق ئېنىق پەرقلەندۈرەلمەپتۇ.

«مەيلى كىم بولسا بولمامدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ، ئىشقىلىپ، ئۇ خەتلەرنى نېمىدەپ ئوقۇيدىغىنىنى بىلىۋالدىم، «كۆپۈك پۈۋلىگۈچ» دېگەندەك قىلدىغۇ، توغرا! شۇنداق دېدى، ئۇ مەن ئېرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان نەرسە ئىدىغۇ، ھېچكىم ئۇنى ماڭا سوۋغات قىلىپ باقمىغان، ئۇنىڭ بولغىنى بەك ياخشى بولدى. ئەتە ئەتىگەندە ئۇنى پۈۋلەپ باقىمەن، بىراق بۇ ئىشنى دادام-ئانىملارغا دېيىشىم كېرەكمۇ - يوق. ياق...... ئۇ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ يەنە ئىختىيارسىز ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

— بۇ نېمە؟ — ئەتىگەندىلا ئۇنىڭدىن تۆت - بەش ياش چوڭ ئاكىسى ئەكبەرجان ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋېتىپتۇ.

— كۆپـۈك پۈۋلىگـۈچ، — دەپتـۇ ئەنۋەرجـان ئۈيقۇلـۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە.

— تۈنۈگۈن ئەكەلگەن سوۋغاتلار ئارىسىدا بۇ يوقتـى ـ غۇ؟— سوراپتۇ ئەكبەرجان ئەجەبلىنىپ، — بۇنى نەدىن تاپتىڭ.

— كارىڭ بولمىسۇن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان دەرھال كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى قولىغا ئېلىۋېلىپ.

شۇچاغدا ئانىسى كىرىپ ئۇنى يۈزىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلىشقا ئالدىرىتىپتۇ. ئاكىسى بولسا مەكتەپكە ئالدىراپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئەنۋەرجان كىيىنىپ چىقىپ، زورىغا يۈز ـ قولىنى يۇيۇپتـۇ، خەقىشلىك قىلىپ يـۇرۇپ، سـۇتكە چىلانغان بىر گىردىنى يەپ تۈگىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆنىگىغا ئويىنىغۇدەك پۇرسەت چىقىپتۇ. ئۇ شۇھامان ھويلىغا چىقىپتـۇ ـ دە، ھېچنېمىگە قارىماي يانچۇقىدىن كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى ئېلىپ پۈۋلەشكە باشلاپتۇ.

مانا كارامەت، ئىچىدە مازغاپ سۈيى بولمىسىمۇ كۆپۈك پۈۋلىگۈچنىڭ ئۇيماقتەك بېشىدىن سۈپسۈزۈك يېرىم شار كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئەنۋەرجان ئۇنى كۈچەپرەك پۈۋلىگەنىكەن، ياڭاقتەك بىر كۆپۈك «ۋاققىدە» قىلىپلا ئېتىلىپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدىنلا يەنە بىرى، يەنە بىرى..... ئۇزۇلمەي ئېتىلىپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپۈكلەر بىر ـ بىرىدىن چوڭ بولۇپ، ئاخىرىدا چوڭ بىر شاردەك كۆپۈك ئېتىلىپ چىققاندىن كېيىن ھەرقانچە پۈۋلىسىمۇ قايتا كۆپۈك چىقماپتۇ.

ئەنۋەرجان سەل ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. بىراق، ئەڭ چوڭ

كۆپۈك ئىچىدە نېمىلەرنىڭدۇر بارلىقىنى ھېس قىلىپ، ئالدىراپ كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئاندىن ئۈچۈپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاشۇ كۆپۈكچىنى قوغلاپ مېڭىپتۇ، كۆپۈكتىن باشقا ھەممە ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ.

ئۇ ئۈچۈپ كېتىۋاتقان شاردەك چوڭ كۆپۈكنى ئاخىر قوغلاپ يېتىۋاپتۇ - دە، ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بوپتۇ، بىراق كۆپۈك ئىچىدىن بىر جۈپ قارا قول سوزۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ تارتىپلا كۆپۈك ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ تال باراڭلىق كەڭ ھويلىسىدا ئەمەس، بەلكى باشقا بىر دۇنيادا تۇرغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئۇ دەسسەپ تۇرغان يەر ئاپپاق پاختىدەكلا ئىكەن، ئەتراپى بولسا كۆپكۆك ئاسمان بولۇپ، ئاشۇ ئاق پاختىدەك نەرسە ئۇنى ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقانىكەن. پارلاق قۇياش نۇرى ئۇنىڭ گەجگىسىنى قىزىتىپتۇ، سەلكىن شامال مەڭزىلىرىدىن سۆيۈپ ئۆتۈپتۇ، بىراق ئۇنى يەنىلا قورقۇنچ بېسىپ، ئاخىر ئاق پاختىدەك نەرسە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.

بۇ نەرسىنىڭ ئۈستى يۈزى داستىخانچىلىك ئىكەن. توغرا، بۇ بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئىكەن. ئەنۋەرجان چېكىسىدىن ئاققان تەرنىڭ بۇ ئاق نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە بىر تۆشۈك ئېچىپ قويغىنىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قورقۇپتۇ.

ئۇنىڭ شۇ تاپتا تازا يىغلىغۇسى كەپتۇ، بىراق كۆز ياشلىرى تامچىپلا قالسا ئاق پاختىدەك نەرسىنىڭ تېشىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ يىغلىماپتۇ، «ئانا!» دەپ توۋلىماقچى،

كىملەردىندۇر ياردەم سورىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازى چىقماپتۇ، شۇنداق قىيىنلىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىدىلا بوي تۇرقى ئۆزىدەكلا، لېكىن پۈتۈن تېنى كۆمۈردىن ئويۇپ ياساپ قويۇلغاندەكلا بىر قاناتلىق بالا پەيدا بوپتۇ - دە:

— قورقما! — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ، — ساڭا ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، پەقەت ساڭا بىرنەرسە سوۋغا قىلماقچىمەن، ئۇ نەرسە بۇلۇتلار ئۈستىدىكى بىر باغدا، سەن ئاشۇ باغقا بېرىپ ئۇ سوۋغىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئېلىشىڭ كېرەك.

— سەن كىم ؟ — سوراپتۇ ئەنۋەرجان قورقۇمسىراپ.

— مەن كىچىك دىۋە، — دەپتۇ قاناتلىق بالا، — مەن تۇغۇلغان كۈندە خاسىيەتلىك كۆپۈك پۈۋۈلگۈچكە ئېرىشكەن ھەربىر بالىغا بىردىن سوۋغات بېرىمەن، ئېيتە، سەن شۇتاپتا قانداق سوۋغاتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىسەن؟

— مەن......مەن...... — دەپتۇ ئەنۋەرجان دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — يېگىلى ئويۇنچۇققا، ياق- ياق! ...... چوڭ شاكىلاتقا......ياق! ئۇمۇ ئەمەس، ھە راست، تاپتىم، مەكتەپكە بارغاندا ئېسىپ بارىدىغان چىرايلىق سومكا بىلەن رەسىملىك كىتابلارغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— خېلى ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى سورىدىڭ، — دەپتۇ كىچىك دىۋە، — سېنى ئېلىپ بارىدىغان باغدا چوقۇم سەن ئىزدىگەن نەرسىلەر يېتەرلىك، قارا، كېلىپمۇ قالدۇق.

ئەنۋەرجان چوڭ بىر ئاق بۇلۇت ئالدىغا كېلىپ

قالغىنىنى كۆرۈپتۇ، بۇلۇت ئۈستىدە ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن قۇيۇلغان ئېگىز تام بىلەن قورشالغان بىر باغ بار بولۇپ، باغنىڭ تېمىدىنمۇ ئېگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ تاجلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

كىچىك دىۋە ئۇنى چوڭ بۇلۇت ئۈستىگە ئېلىپ چۈشۈپتۇ، ئۇلار باغنىڭ قوش قاناتلىق ئالتۇن ئىشىكى ئالدىغا بېرىشى ھامان، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپتۇ، ئەنۋەرجان باغقا كىرىپلا كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ، ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ، چۈنكى باغدا بۈك - باراقسان ئايىنغان كۆپلىگەن دەرەخلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ھەرخىل ئويۇنچۇقلار، بەزىلىرىدە تۇتقۇچلۇق كەمپۈت - شاكىلاتلار، بەزىلىرىدە كىچىك ۋېلسىپىت، ماشىنىلار، يەنە بەزىلىرىدە پېچىنە - پىرەنىكلەر...... ئەيتاۋۇر ئۇششاق باللار ياخشى كۆرىدىغان نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەر مېۋە ئورنىدا ساڭگىلىشىپ تۇراتتىكەن، تېخى مەيىن شامالدا لىڭشىپ بىر- بىرىگە سوقۇشۇپ، جىرىڭ - جىرىڭ سادا چىقىرىشىدىكەن.

قاناتلىق دىۋە ئەنۋەرجاننى يېتىلەپ دەرەخلەرنى ئارىلاپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەنۋەرجان شۇ تاپتا ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسە دەرەختىكى ھەممە مېۋىلەرنى ئۈزۈۋېلىشنى ئويلاپتۇ، ئەپسۇس كىچىك دىۋە ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمەپتۇ.

ئۇ دەرەخلەردىكى بۇ «مېۋە» لەردىن كۆزىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا سۆرىلىپ دېگۈدەك مېڭىپ، ئاخىر شاخ- شاخلىرىدا خىلمۇخىل رەسىملىك كىتابلار ئېسىلىپ كەتكەن

بىر دەرەخ ئالدىغا بېرىپ توختاپتۇ.

— خۇش كەپسەن! — دەپتۇ دەرەخ زۇۋانغا كېلىپ،— تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن!

ئەنۋەرجان دەرەخنىڭ سۆزلىگىنىگە ھەيران بولۇپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

— رەھمەت! دېمەمسەن، — دەپتۇ كىچىك دىۋە ئۇنى تۈرتۈپ، ئۇ سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى مۇبارەكلەۋاتىدۇ، رەھمىتىڭ بولمىسا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن.

— رەھمەت، رەھمەت! — دەپتۇ ئەنۋەرجان ئالدىراپ-تېنەپ.

— بۇ سومكىنى ئال، — دەپتۇ دەرەخ ، شۇ ھامان ئۇنىڭ شېخىدىن مۈشۈك بېشى شەكلىدىكى بىر سومكا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ.

— ماڭا كىتابلارنى قاچىلىساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ سومكىدىكى مۈشۈك بېشى ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، — بىراق ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بەك جىق سالىمەن دەپ مېنى بۆسۈۋەتمە.

— شۇنداق قىلغىن، — دەپتۇ كىچىك دىۋىمۇ، — مۇشۇ سومكىغا پاتقۇدەك كىتاب ئالساڭ بولىدى، قالغانلىرى باشقا كىچىك دوستلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە سوۋغات قىلىش ئۈچۈن ساقلىنىدۇ، بەك كۆپ ئېلىۋالساڭ باشقا كىچىك دوستلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە سوۋغات قىلىشقا رەسىملىك كىتابلار يېتىشمەي قالىدۇ.

— شۇنداق قىلىمەن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان تىلىنىڭ ئۇچىدىلا، بىراق ئۇ كۆڭلىدە سومكىغا جىقراق كىتاب

قاچىلاشنى دىتلاپ قويۇپتۇ.

— ئەمدى ئۆزۈڭ خالىغان رەسىملىك كىتابنى تاللىۋال،— دەپتۇ سومكىدىكى مۈشۈك بېشى.

ئەنۋەرجان سومكىنى تاسمىسىدىن بويىنىغا ئېسىپ، ئاندىن دەرەختىكى رەسىملىك كىتابلارغا نەزەر سېلىشى بىلەن، بىردىنلا رەسىملىك كىتابلار ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ، ئۇنىڭ بەتلىرىدىكى هايۋانات، ئۇچار - قاناتلار، هاشارات، گۈل-گىياهلار، كارتون فىلىم ئوبرازلىرى...... دېگەندەك كىتابقا بېسىلغان تۈرلۈك - تۈمەن خىل، رەڭگارەڭ سۈرەتلەرنىڭ هەممىسى تەڭلا غەلۋە قىلىشقا باشلاپتۇ، — مېنى ئال، مېنى ئال، سەن چوقۇم مېنى ياقتۇرىسەن......

ئەنۋەرجان قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي قاپتۇ، ئۇنىڭچە بولسا بۇ رەسىملىك كىتابلارنىڭ هەممىسىنى بىراقلا ئېلىپ كېتەلىسە نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - هە، هەي ئىسىت، بىراق سومكا كىچىك، پەقەت ئۇنىڭغا پاتقۇدەك ئېلىشى كېرەك، لېكىن تازا چىڭداپ سالسا جىقراق پېتىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ.

ئەنۋەرجان ئەمدى يۈرەكلىك هالدا كارتون ئوبرازى «مۈشۈك بىلەن چاشقان» سۈرىتى بېسىلغان كىتابنى، ئارقىدىنلا «قار مەلىكە بىلەن يەتتە پاپا» نى،« ئالاۋىدىن بىلەن سېھىرلىك چىراغ »، «چىن تۆمۈر باتۇر»نى سومكىسىغا سايتۇ، يەنە «غەربكە ساياهەت»، «خەپ توختاپتۇر توشقان »نى، «چاشقان بىلەن ئۆردەك» نى...... شۇنداق قىلىپ، ئۇ تېزلا سومكىسىنى پومپايتىپ بوپتۇ.

— بولدى قىل، بولدى قىلغىن، — دەپتۇ سومكىدىكى مۈشۈك بېشى ئۇنى بوغۇلغان ھالدا.

بىراق، ئۇنىڭ ئاۋازى ئەنۋەرجاننىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ، ئەنۋەرجاننىڭ كۆزلىرى بولسا شۇتاپتا «تارزان»، «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» دا، يەنە تېخى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن «ئاۋتىمەن» قول پۇلاڭلاتماقتا، «ساھىبجامال بىلەن غەلىتە مەخلۇق» چاقىرماقتا، «ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال» مۇ ئويغىنىپ ئۇنى شەرەتلىمەكتە، «دېڭىز قىزى» ناخشا ئېيتماقتا، «شىر پادىشاھ سىنبا» ھۆركىرىمەكتە ئىكەن، ئەنۋەرجان قانداقمۇ ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلىسۇن.

ئۇ ئەمدى قايسى كىتابلىقى، ئۆزى قىزىقىدىغان - قىزىقمايدىغانلىقىغا قارىمايلا ئۇدۇل كەلگىنىنى ئۈزۈۋېلىپ سومكىغا كەپلىگىلى تۇرۇپتۇ. سومكىدىكى مۈشۈك بېشىنىڭ ئەمدى ئاۋازى چىقمايلا قاپتۇ.

يەنە بىرنى سالاي، يەنە بىرنى، جىقراق ئالاي......

«جىقراق» ئەنۋەرجاننىڭ كاللىسىدا شۇ بىرلا ئوي ئەگىپتۇ.

«پاس! »سومكا بۆسۈلۈپتۇ، ئەنۋەرجان سومكا بۆسۈلگەندىكى ئاۋازدىن چۆچۈپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ھويلىسىدا تۇرۇۋاتقىنىنى سېزىپتۇ.

«ھېلىقى رەسىملىك كىتابلار قېنى؟ ھېلىقى باغ قېنى؟...... ھېلىقى ......؟» ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماپتۇ، پەقەت چوڭ كۆپۈكنىڭ غايىب بولغىنىنى، كىچىك كىچىك كۆپۈكلەرنىڭ بولسا خېلىلا يىراقلاپ، ئېگىزلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلاردا ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقان-

ـدەك، ئىچىنىۋاتقانـدەك چىـرايلار كۆرۈنۈپتـۇ- يـۇ، ئۇلارمـۇ تېزلا غايىب بوپتۇ.

— ئىسست! — دەپ قـاپتۇ ئەنۋەرجـان مەيۈسـلىنىپ، — ئاچ كۆزلۈك قىلمىسام بوپتىكەن.

ئـۇ سـالپايغان هالـدا كەيـىنىگە بۇرۇلـۇپ تۈنۈگـۈن ئىرىشكەن باشـقا سـوۋغاتلار بىـلەن كـۆڭلىنى ئاۋۇنـدۇرماقچى بوپتۇ - دە، قايتـىدىن تېتىكلىـشىپ، سـوۋغاتلارنى قويغـان كىچىك هۇجرىسىغا مېڭىپتۇ، كىتىۋىتىـپ يـانچۇقىنى سـلاپمۇ قويۇپتـۇ، خۇداغـا شـۈكۈر هېلىقـى كۆپـۈك پۈۋلىگـۈچ يوقـاپ كەتمىگەنىكەن.

ئـۇ يەنە كۆپـۈك پۈۋلىگـۈچنى ئېلىـپ پۈۋلەپتـۇ، بىـراق كۆپـۈك پۈۋلىگـۈچتىن كۆپـۈك چىقمـاپتۇ، كـۈچەپ پـۈۋلەپ، ئۆپكـىدەك ئىـسسىلىپ، قىزىرىپمـۇ كېتىپتـۇ، لـېكىن ئەمـدى كۆپـۈك چىقمـاپتۇ، ئامالـسىز كۆپـۈك پۈۋلىگـۈچنى يانچۇقىغـا سېلىپ، هۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

«بۇزۇلـۇپ قالمىغانـدۇ - هە!» دەپتـۇ ئـۆز-ئـۆزىگە خاۋاتىرلىنىپ .

ئـۇ سـوۋغاتلار پەۋەس تىزىلـىپ كەتـكەن كىچـىك هۇجرىـسىغا كىرگىنىـدە تېـزلا كۆپـۈك پۈۋلىگـۈچنى ئۇنتـۇپلا قـاپتۇ - دە، ئـۆزى ئەڭ ياقتۇرغـان ئويۇنچـۇقنى ئېلىـپ ئويناشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

ئۇنىـڭ بـۇ بىـر كـۈنى يەنىـلا كۆڭۈللۈك ئۆتۈپتـۇ، كەچ كىرىپ ئۇ كىچىك هۇجرىسىدىكى كارىۋىتىغا چىققاندا كەيپى تولىمۇ چاغ، بىراق ئويناپ خېلىلا چارچىغانلىقتىن كـۆزلىرى يۇمۇلۇپ، تېزلا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئۇخلاۋېتىپ چۈشىدە يەنە كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى كۆرۈپتۇ، كۆپۈك پۈۋلىگۈچ:

— سەن پەقەت مېنى كۈندە بىر قېتىملا ئويىنىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ ئۇ سېپ قويغان كىيىمنىڭ يانچۇقىدىن چىقىپ، — بولمىسا قېچىپ كېتىمەن، چۈنكى مەن بىر قېتىم ئىشلىتىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئارام ئېلىپ، سېھرىي كۈچ توپلىشىم كېرەك، بۇنىڭغا يول قويماي پۈۋلەۋەرسەڭ كارغا كەلمەس بولۇپ قالىمەن.

— ماقۇل، دېگىنىڭدەك قىلىمەن، — دەپتۇ ئەنۋەرجانمۇ جۆيلۈپ، — سېنى ئويناۋەرسەممۇ زېرىكىپ قالىمەن، پەقەت يوقاپ كەتمىسەڭلا بولغىنى.

ئۇ ئەتىگەندە ئويغىنىپ كېچىدىن كۆپۈك پۈۋلىگۈچكە بەرگەن ۋەدىسىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ بېقىپتۇ، كۆپۈك پۈۋلىگۈچ يانچۇقىدا بار ئىكەن، ئۇ كىيىمنى كىيىپلا كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى ئېلىپ پۈۋلەشكە باشلاپتۇ، لېكىن ھەرقانچە پۈۋلەپمۇ كۆپۈك چىقىرالماپتۇ.

«كارغا كەلمەس بولۇپ قالدىمۇ - نېمە؟» دەپتۇ ئۇ كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ.

— يۈزۈڭنى يۇ! — دېگەن ئاۋاز ياڭراپتۇ شۇ چاغ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە، بۇ بىر تۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئاۋازىدەك، بىر تۇرۇپ كۆپۈك پۈۋلىگۈچتىن چىققان ئاۋازدەكلا بىلىنىپتۇ.

ئۇ ھەركۈنى ئەتىگىنى ئانىسىنى بىرھازا ۋارقىرىتىپ - جارقىرىتىپ، ئاندىن مەجبۇرىي يۈزىنى يۇياتتى، بۈگۈن بولسا ئانىسىنى قاقشاتمايلا يۈزىنى يۇيۇپتۇ.

— ئاغزىڭنى چايقا! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ يەنە

ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە.

بىراق، بۇ ئاۋاز ئەمدى ئۇ كۈندە ئاڭلاپ كۆنۈپ قالغان: «ئۇنى قىل، بۇنى قىل» دېگەندەك قۇلىقىغا ياقمايدىغان بۇيرۇقلاردەك ئاڭلىنىپتۇ-دە، يەنە بىغەرەزلىكى تۇتۇپ، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەكلا تالاغا چېپىپتۇ.

— نېمىدىن قۇرۇق قالىدىغاندۇ، ناشتىمۇ قىلماي تالاغا چاپتى يەنە، — كەينىدىن ئۇنىڭ خان ئانىسىنىڭ غودۇرىغانلىقى ئاڭلىنىپتۇ (ئۇ ئادەتتە دادىسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئائىلىدە تۇرىدىغان ئانىسىنى« خان ئانا » دەپ كۆنگەنىكەن، خان ئانىسى بۇ نەۋرىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىكەن، ھەممىدىن بەك كۆيىنىدىكەن).

ئۇ يەنە يانچۇقىدىن كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى ئېلىپ پۈۋلەپتۇ، ئەنۋەرجان تەقەززا بولغان كۆپۈكچىمۇ چىقىپتۇ. بىراق، سۈپسۈزۈك بۇ كۆپۈكچە تولىمۇ كىچىك ئىكەن.

ئۇ يەنە قوۋۇزىغا يەل تولدۇرۇپ، كۈچەپ تۇرۇپ پۈۋلىگەندىن كېيىن، بايىقىدىن چوڭراق كۆپۈكچە چىقىپتۇ. لېكىن، ئۇمۇ سۈپسۈزۈك رەڭسىز شارچە بولۇپ، ئىچىدە بىرەر نېمە باردەك قىلمايتتى، ئەنۋەرجان يەنە پۈۋلىگەنىدى، بىرىدىن بىرى يوغان كۆپۈكچىلەر چىقىشقا باشلاپتۇ، ئاخىر ئىچىدە قورچاقتەك بىر بالا قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان چوڭ كۆپۈك چىققاندىن كېيىنلا، ئۇ پۈۋلەشتىن توختاپ، كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى يانچۇقىغا ساپتۇ، شۇ چاغ كۆپۈك ئىچىدىكى قورچاقچىلىك بالا قوللىرىنى سوزۇپلا، ئەنۋەرجاننى قولتۇقىدىن تۇتۇۋاپتۇ - دە، كۆتۈرۈپلا كۆپۈكچە ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ.

ئەنۋەرجان ئەمدى ئۆزىنى پايانسىز كەتكەن سۇ يۈزىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان چوڭ بىر تاشپاقا ئۈستىدە كۆرۈپتۇ. ئۇ ھېلىلا سۇغا چۆكۈپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر تەپچىرەپتۇ.

— قورقما! — دەپتۇ ئۇنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان قورچاق بالا، ئۇنىڭ بويى ئەمدى ئەنۋەرجان بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما تولىمۇ پارقىراق ۋە رەڭدار ماتېرىيالدىن ياسالغان قورچاق ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى،— بۇ تاشپاقا بىزنى شادلىق ئارىلىغا ئېلىپ بارىدۇ، سەن ئۇ يەردە قانغۇچە ئويناپ كېلىسەن، بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان سوۋغىتىم .

— قورقۇۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان يىغلامسىراپ،— سەن دېگەن يەرگە بېرىپ بولغۇچە سۇغا چۈشۈپ كېتەرمەنمىكىن.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دەپتۇ قورچاق بالا ئۇنى يەپلەپ، — قارىغىنا، تاشپاقا بەك سىلىق ئۈزۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ بىزنى ھېچقاچان خەتەرگە ئۇچراتمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق سەپىرى ئەمەس، ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن بالىلارنى ئاشۇ ئارالغا ساق - سالامەت ئاپىرىپ ئەكەلگەن.

ئۇ شۇنداق دەۋاتقاندا يىراقتىن پارلاق نۇرغا چۆمگەن بىر ئارال كۆرۈنۈپتۇ ۋە ئۇ ئارالدىن بالىلارنىڭ شوخ كۈلكىسى ياڭراپتۇ.

تاشپاقا سۈرئىتىنى تېزلىتىپتۇ، شۇ چاغ بىرنەچچە ئۇچار بېلىق سۇدىن ئوقچۇپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن

ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ ۋە:

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز، — دېيىشىپ ئېغىزلىرىنى ماكىلدىتىپتۇ.

ئەنۋەرجان سەل چۆچۈپتۇ ۋە يەنە قىزىقارلىقمۇ ھېس قىپتۇ، ئۇچار بېلىقلار«چولتۇك - چولتۇك!» قىلىپ سۇغا چۈشكەندە چاچرىغان تامچىلار ئۇنىڭ ئالدىغا كەمپۈت بولۇپ چۈشۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ خۇشال بوپتۇ.

ئۇ كەمپۈتلەرنى تېرىپ يانچۇقىغا سېلىپ بولغۇچە تاشپاقىمۇ ئارالغا چىقىپ بوپتۇ، ئارالنىڭ تۇپرىقى سېرىق قۇم بولۇپ، ئۈستىدە سۆزلىيەلەيدىغان قىسقۇچپاقىلار ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتىكەن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە زېھىن قويۇپ قۇلاق سالغاندىلا قىزىق - قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدىكەن.

يەنە ئۇ يەر - بۇيەردە قىزغۇچ دېڭىز يۇلتۇزلىرى يېقىملىق باللار ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقانىكەن، ئالتۇن رەڭ قۇلۇلىلەردىن بولسا، يۇلتۇزلارنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكىلار ياڭراۋاتقان، نېرىدا بولسا بىرنەچچە بالا ئاراللىكى ھەر خىل غەلىتە شەكىللەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مارجان خادا تاشلىرىنى دالدا قىلىپ، مۆكىمۆكىلەك ئويناۋاتقانىكەن.

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز ! — دەپتۇ بىردىنلا ھەممىسى ئويۇندىن توختاپ.

ئەنۋەرجان نېمە دېيىشنى بىلمەي، سەل قورۇنۇپ تۇرۇپ قاپتۇ، ئۇ ئەزەلدىن يېتىرقىغاق بولغاچقا، بۇ ناتونۇش باللار بىلەن دەرھال ئارىلىشىپ كېتەلمەپتۇ،

شۇنىڭ بىلەن باللارمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئۆز ئويۇنىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

ئەنۋەرجان نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان شۇ پەيتتە، تۇيۇقسىز نېرىدىن «غىچ-غىچ، غىچ- غىچ!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئەسلىدە بۇ يەردە بىر بالا ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئويناۋاتقانىكەن، بۇ ياغاچ ئات يېرىم چەمبەر شەكىللىك ياغاچ تاختا ئۈستىگە ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئالدى- كەينىگە تەۋرىنىپ تۇرىدىكەن.

يەنە بىر تەرەپتىن «ۋىژ- ۋىژ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، ئەنۋەرجان ئاۋاز كەلگەن تەرەپتىكى ئەينەكتەك تۈپتۈز بىر جايدا، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش بىر بالىنىڭ غۇژژەك چۆرگىلىتىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ چۆرگىلىتىۋاتقان غۇژژەكتىن ھەسسەن - ھۈسسەندەك نۇر چەمبىرىكى ھاسىل بولۇۋاتقانىكەن.

يەنىمۇ نېرىدا لىڭگىرتاقتاق، سارغايدى ئويناۋاتقانلار، چەمبىرەك چۆرگىلىتىۋاتقانلار، ئېلەڭگۈچتە ئۇچۇۋاتقان-لار..... مۇ بار ئىكەن، بۇ يەر گويا باللارنىڭ بىر جەننىتى ئىكەن.

— بىرنېمە يېگۈڭ بولسا مېنى ئىزدە، — دەپتۇ شۇچاغ قورچاق بالا ئۇنى نوقۇپ، ئاندىن ئۇ مۆكۈشمەك ئويناۋاتقانلارغا قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىپ قاپتۇ.

ئەنۋەرجاننىڭ بولسا شۇ تاپتا بىر تۇرۇپ ياغاچ ئاتقا مىنگۈسى، بىر تۇرۇپ غۇژژەك چۆرگىلەتكۈسى كەپتۇ، دەل شۇ چاغدا ياغاچ ئاتتىكى بالا ئويناپ زېرىككەنمۇ، ئەيتاۋۇر پەسكە چۈشۈپ، بىر تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ، غۇژژەك

ئويناۋاتقان بالىمۇ قامچىسىنى تاشلاپ، مۆكۈشمەك ئويناۋاتقانلار قېشىغا كېتىپتۇ، ئەنۋەرجان تولىمۇ خۇش بولۇپ، دەرھال بىرىپ غۇژژەكنى ئېلىپ يانچۇقىغا تىقىپتۇ، قامچىنىمۇ ئېلىۋاپتۇ، ئاندىن ياغاچ ئات قېشىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

— ھەي ئاداش، — دەپتۇ شۇ چاغ ئۇماققىنە بىر بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ، — سەن ياغاچ ئاتقا مىنىدىغان بولغاندىكىن، غۇژژەكنى ماڭا بىرىپ تۇرغىنا، ئويناپ تۇراي.

— ياق! — دەپتۇ ئەنۋەرجان قولى بىلەن پومپىيىپ كەتكەن يانچۇقىنى بېسىۋېلىپ، — مەن ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئويناپ زېرىككەندە بۇنى ئوينايمەن.

— ئۇنداق قىلما، — دەپتۇ ھېلىقى بالا، — سەن ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئويناپ زېرىككۈچە مەن غۇژژەكنى ئويناپ تۇراي، بەربىر ئىككىلىسىنى تەڭلا ئوينىمايسەنغۇ.

— ياق دېدىم، ياق! — دېدى ئەنۋەرجان كاجلىق بىلەن، شۇنداق دەپ ئۇ غۇژژەكنى يانچۇقىغا تېخىمۇ نىقتايدۇ، شۇ چاغ: « پاس! » قىلىپلا ئۇنىڭ يانچۇقى سۆكۈلۈپتۇ، كەمپۈتلەر چېچىلىپ، غۇژژەكمۇ يەرگە چۈشۈپ دوملاپ كېتىپتۇ.

ئەنۋەرجان دەرھال كەمپۈتلىرىنى تېرىۋېلىش ئۈچۈن يەرگە ئېڭىشىپتۇ، بىراق كەمپۈتلەر يەرگە كىرىپ كەتكەندەك غايىب بوپتۇ، خاپىلىقتا يىغلىغۇدەك بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە، ئۇ ئۆزىنى يەنىلا ئۆزىنىڭ تال باراڭلىق ھويلىسىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ، ھېلىقى ئارال، ئارالدىكى باللار ۋە ئويۇنچۇقلارمۇ تۈتەك- تۇماندەك غايىب بوپتۇ،

بىراق يانچۇقى بولسا، يەنىلا سوكۇلۇپ كەتكەن ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

— قىزغانچۇقلۇق قىلغانغا تويى! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە.

ئەنۋەرجان ئېچىشقان يېرىگە كىمنىڭ تۇز سېپىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاراپتۇ، بىراق ھويلىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەپتۇ، ئاخىر شۇمشەيگىنىچە يانچۇقى بوسۇلۇپ كەتكەن چاپىنىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كىچىك ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپلا كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى قولىغا ئاپتۇ - يۇ، بىراق پۈۋلەشكە ئالدىرىماي ئۇنى يەنە قويۇپ قويۇپتۇ، ئاۋۋال يۈزىنى يۇيۇپتۇ، ئانىسىمۇ، خان ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بۇگۈن ئۇلارنى گەپ قىلدۇرغۇزمايلا، يۈز - قولىنى ئۆزلۈكىدىن يۇغىنىدىن سۆيۈنۈپ، كۈندە مۇشۇنداق قىلسا ياخشى نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تېخىمۇ خۇش قىلىۋېتىپتۇ.

بىراق، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارماپتۇ، چۈنكى ئەنۋەرجان سۈتكە چىلانغان ناننى يېمەيلا تالاغا قاچقانىدىكەن، ئۇ يەنە كەڭرى ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىۋاپتۇ-دە، كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى قولىغا ئاپتۇ، كۆپۈك پۈۋلىگۈچ بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە كارامەتلەرنى كۆرسىتەركىن.

ئۇ كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى پۈۋلەپتۇ، كۆپۈك پۈۋلىگۈچتىن يەنە كۈندىكىدەك ئاۋۋال كىچىك كۆپۈك چىقىپتۇ، كۈچەيرەك پۈۋلىگەنىكەن، بېشى قاپاقتەك، بويىنى ساپاقتەك، بويى بىر غېرىچ كەلگۈدەك قورچاق بالا شەكلىدە

بىر شار چىقىپتۇ، لېكىن بۇ شار بالا ئويلىمىغان يەردىن كۆپۈك پۈۋلىگۈچ ئۈستىدە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، ئاچچىقى بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— سەن بەك ئاچ كۆز، يەنە كېلىپ قىزغانچۇق ئىكەنسەن، شۇڭا سەندىن بىزار بولدۇق.

— خاپا بولما، — دەپتۇ ئەنۋەرجان خىجىل بولۇپ، — ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن.

— بوپتۇ، — دەپتۇ شار بالا، — كۆڭلۈمنۇ ئۆزۈمگە ئوخشاشلا يۇمشاق بولغاندىكىن سىنى كەچۈرۈۋېتەي، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلىدىغانلا بولساڭ، ھەرقانچە كۆچەپ پۈۋلىسەڭمۇ بىكار، بىز كۆپۈكلەر ھەرگىزمۇ چىقمايمىز.

— ماقۇل، ماقۇل! — دەپتۇ ئەنۋەرجان ئالدىراپ، — ئەمدى ھەرگىز سىلەر رەنجىيدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

شار بالا ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇنى قولىدىن تارتىپلا بايا چىققان كۆپۈككە قاراپ ئۆزىنى ئېتىپتۇ، ياڭاقچىلىك تۇرغان كۆپۈك ھاۋادا لەيلەپ، بىردىنلا ئاجايىپ بوغان شاردەك بىر كۆپۈككە ئايلىنىپتۇ.

ئۇلار كۆپۈك ئىچىگە كىرىپتۇ، ئەنۋەرجان بۇ كۆپۈكنىڭ ئىچىنىڭمۇ بىر چوڭ دۇنيا ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ، بىراق بۇ قېتىم ئۇ نە ھاۋادا ئۇچماي، نە تاشپاقا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سۇ يۈزىدە ئۈزمەي، بەلكى بىر مېۋىلىك باغ ئىچىگىلا چۈشۈپتۇ.

باغدىكى دەرەخلەر پاكار ـ پاكار، ئەڭ ئېگىزلىرىمۇ ئەنۋەرجاندىن سەللا ئېگىز ئىكەن، بىراق تولىمۇ بۈك ـ

باراقسان بولۇپ، شاخ - شېخىدا مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەر غۇچچىدە بولۇپ، قارىغانلارنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يۈگۈرتۈپ، نەپسىنى تاقىلدىتىدىكەن، يەنە تېخى ساپسېرىق چىلگىلەر، ياپيېشىل يۇمىلاق تاۋۇزلار پىلەكلىرىنى پۈت قىلىپ، ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ ھەم تېخى «تۇتالىساڭ بىز سېنىڭ! تۇتالىساڭ بىز سېنىڭ!» دەپ توۋلىشىپتۇ.

بۇ ئىش ئەنۋەرجانغا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلۇپتۇ - دە، دەرھال قوغلاپ بىرنەچچىنى تۇتۇۋالماقچىمۇ بوپتۇ، بىراق ئەتىگەندە ناشتا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن سەل ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىپ، ئاۋۋال مېۋىلەر بىلەن قورساق تويدۇرماقچى بولۇپ، دەرەخلەردىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئالما - نەشپۈت، ئۆرۈك - شاپتۇل، گىلاس - جىنەستە، توغاچلارنى ئۈزۈۋېلىپ، ھەربىرىدىن بىر چىشلەپلا يەرگە تاشلاپتۇ.

— بىزەپ قىلما! — دەپتۇ شۇ چاغ شار بالا ئاچچىقلاپ، — ئۈزۈۋالغانلىرىڭنى چالا يەپ تاشلىماي، ساق يەپ تۈگەت.

— نېمە كارىڭ، — دەپتۇ ئەنۋەرجان قىزىرىپ، ئۇ شار بالىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ قالغانىكەن. شۇڭا ئاچچىقلاپ بىر تال شاپتۇل ئۈچكىسىنى شار بالىغا ئېتىپتۇ.

«پاس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپلا ئەنۋەرجاننىڭ كۆز ئالدىدىن بىر تۇتەك - تۇمان تارالغاندەك بوپتۇ - دە، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنى يەنىلا

ئۆزىنىڭ تال- باراڭلىق ھويلىسىدا تۇرغىنىنى ھېس قىپتۇ، باراڭدا ئېسىلىپ تۇرغان، تېخى پىشمىغان كۆپكۆك ئۈزۈملەردىن باشقا، ھېلىقى شېرىن - تاتلىق مېۋىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق ئىكەن، نېرىدا بولسا ئۇ ھېلىلا شار بالىغا ئاتقان شاپتۇل ئۇچكىسى تۇرۇپتۇ.

— ئىستەي! — دەپتۇ ئەنۋەرجان قولىنى چىشلەپ، — ئۇنى رەنجىتمىگەن بولسام ھېلىقى مېۋىلەردىن كۆپرەك يېۋالاتتىم، تېتىپ باقمىغانلىرىدىنمۇ بىرمۇنچىسى بار ئىدى تېخى، قوغۇن - تاۋۇزلاردىنمۇ بىرنەچچىنى......

ئۇ كەيپىسىز ھالدا كۆپۈك پۈۋۈلىگۈچنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ، بىر كۈن كەچكىچە كۆڭلى غەش يۈرۈپ، كەچ كىرىپ ياستۇقىغا باش قويغىنىدا كۆزى يۇمۇلۇپلا چۈش كۆرۈشكە باشلاپتۇ، چۈشىدە ھېلىقى پېلەكلىرىنى يۈت قىلىپ يۇگۈرەيدىغان ساپسېرىق چىلگە ۋە ياپېشىل يۇملاق تاۋۇزلارنى كۆرۈپتۇ، يەنە تېخى ئۇ تېتىپ كۆرۈشكە ئۈلگۈرمىگەن بانان - ئاپېلسىن، ئاناناس - ماندارىن...... دېگەندەك ئىسسىق بەلۋاغ مېۋىلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇلار ھەممىسى ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدىلا، قول ئۇزاتسا تۇتۇۋالغۇدەكلا يەردە يۈگۈرۈشۈپ يۈرگۈدەك. بىراق، ئەنۋەرجان قوللىرىنى ھەرقانچە سوزۇپمۇ ئۇلاردىن بىرەرسىنى تۇتالماپتۇ، ھېلىقىلار بولسا تۇتۇق بەرمەيلا قالماي، ئەمدى ئۇنى تېرىكتۈرۈشكە باشلاپتۇ« تۇتالمىدى ھەي - ھەي، تۇتالمىدى ھەي. تۇتالمىدى نان قېپى، تۇتالمىدى......»

ئۇلار يۈگۈرۈشۈۋېتىپ توختىماي شۇنداق توۋلاپتۇ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپتۇ، ئاخىر ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈۋېرىپ

كۆلكىسىنى توختىتالماي قېلىشىپتۇ- دە، بىر - بىرلەپ قارنى يېرىلىپتۇ، ۋاق - ۋاق!......

قارنى يېرىلغانلىرى غايىب بولۇپ، ھېلىقى شار بالا پەيدا بوپتۇ، ئاندىن ئۇمۇ تىلىنى بىر غېرىچ چىقىرىپ، ئەنۋەرجاننى زاڭلىق قىپتۇ - دە، «پاس» قىلىپ يېرىلىپ غايىب بوپتۇ، ئەنۋەرجان سوغۇق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئويغىنىپتۇ، ئۇ ئۆزىنى زاڭلىق قىلغان ھېلىقىلاردىن بىرىنى بولسىمۇ تۇتۇۋالالمىغىنىدىن بەك بىئارام بوپتۇ.

خەپ! — دەپتۇ ئۇ، — بۈگۈن يەنە شۇ باغقا بېرىپ قالسام چوقۇم ئۇلاردىن بىرەرىنى تۇتۇۋالمايدىغان بولسام......

ئۇ شۇ ئويى بىلەن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىنى يۇيۇپتۇ، يەنە ئاچ قورساق ھالسىراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئانىسىنىمۇ، خان ئانىسىنىمۇ ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئالدىرىتىپ تۇرۇپ سۈتكە نان چىلاتقۇزۇپ، قورسىقىنى تازا تويدۇرۇپتۇ، ئاندىن يەنە ھويلىغا چىقىپ بىر بۇلۇڭغا بېرىپتۇ - دە، كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى قولىغا ئاپتۇ، ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ ئاندىن پۈۋلەپتۇ. بىراق، كۆپۈك پۈۋلىگۈچتىن كۆپۈك چىقماپتۇ، كۈچەپ پۈۋلەپ قوۋۇزلىرى كۆپۈپ، جاۋغايلىرى ئاغرىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا كۆپۈك چىقماپتۇ، ئەنۋەرجان ئۈمىدسىزلىنىپ كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى چۆرۈۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، بىردىنلا ۋاققىدە قىلىپلا ياڭاقتەك بىر تال كۆپۈك ئۆزلۈكىدىن چىقىپتۇ، ئارقىدىنلا كۆپۈك يوغىناپ - يوغىناپ يوغان بىر قورقۇنچلۇق شىر شەكلىگە كىرىپ خىرىس قىپتۇ،

ئەنۋەرجان قورققىنىدىن:

— ئانـــا! — دەپ تــوۋلىغىنىچە كۆپــۈك پۈۋلىگــۈچنى تاشــلاپ قېچىپتــۇ، بىــراق شــىر ئىتتىلــىپ كېلىــپلا ئــۇنى تۇتۇۋېلىپ بىرلا يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ. قورقــۇپ جــان - پىنى چىققان ئەنۋەرجان:

— خــان ئانــا، قۇتقــۇزۇڭلار ! — دەپ تــوۋلىغىنىچە شــىرنىڭ قورســىقىغا كىرىــپ كېتىپتــۇ. بىــراق، ئــۇ بىــردىنلا ھاۋادا لەيلەپ قالغىنىنى ھېس قىپتۇ.

ئاپپــاق بۇلــۇتلار ئەتراپــىدا ئــۈزۈپ يۈرۈپتــۇ، ئۇلارنىــڭ بەزىلــىرى ئاپپــاق قويلارغــا، بەزىلــىرى قــار ئــادەملەرگە ئوخشايدىكەن.

ئەنۋەرجانىنى كۆرگەن قوي شــەكلىدىكى بۇلــۇتلار مەرەپ قويۇشۇپتۇ، قار ئادەملەر بولسا كۈلۈمسىرەپ قول پۇلاڭلىتىپ-ــتۇ، ئەنۋەرجانىنــىڭ كاللىــسىدا بولــسا«ئەمــدى نەگە چۈشەرمەن، نېمە بولۇپ كېتەرمەن» دېگەن بىرلا ئــوي بــار ئىكەن، شۇڭا ھېلىقىلارنىڭ دوستانىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشقا رەۋىتى قالماپتۇ ھەم نېمە دېيىش، نېمە قىلىشنىمۇ بىلمەپتۇ «ھېلىقى كۆلمۇ، دەريامۇ، ئىشقىلىپ، سۇ بار جايغا چۈشۈپ كەتمىسەملا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ يەنە.

— سەن نەگە بېرىشنى خالايسەن؟ — سوراپتۇ شۇ چاغ ئوماق بىر بالا شەكلىدىكى ئاق بۇلۇت .

— باغقــا، — دەپتــۇ ئەنۋەرجــان ئالــدىراپ، ئۇنىــڭ كۆڭلــىدە شــۇ تاپتــا يەنە ھېلىقــى باغقــا بېرىــپ، چۈشــىدە ئــۆزىنى بىئــارام قىلغــان ھــېلىقىلاردىن ئوبــدانلا بىــر ھېــساب ئېلىش ئويى پەيدا بولغانىكەن.

شۇ ھامان ئۇ لەيلەپ - لەيلەپ تۆۋەنلەشكە باشلاپتۇ، باشتا بىرئاز قورققان بولسىمۇ، كېيىن يەنە ھۇزۇر ھېس قىلىپ قاپتۇ، ئاخىر پۈتلىرى يەرگە تېگىپتۇ، ئۇ بىر باغقا چۈشكەنىكەن، بىراق بۇ باغ ئۇنى ئانچە خۇش قىلالماپتۇ، چۈنكى بۇ ھېلىقى مېۋىلىك باغ بولماستىن، بەلكى گۈلباغ ئىكەن.

بۇ يەردە ئۇ تۇتۇۋېلىشقا تەقەززا بولغان قوغۇن - تاۋۇزلاردىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتۇ، بەلكى ھەممە يەر رەڭگارەڭ پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر بىلەن تولغانىكەن، ئەمما بۇ گۈللەر ئۇ ئىلگىرى ھويلىسىدىكى گۈللۈكتە، تەشتەكلەردە كۆرۈپ كۆنگەن، گۈلخۇمار خان ئانىسى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن، شامال چىقمىسا مىتمۇ قىلماي تۇرىدىغان ئادەتتىكى گۈللەردىن ئەمەس، بەلكى جىنى باردەكلا ھەرىكەت قىلالايدىغان، گەپ قىلالايدىغان گۈللەر ئىكەن، ئۇلار شۇ تاپ بىر مۇزىكا ئوركېستىرى بولۇپ تەشكىللەنگەنىكەن، ئۇلارنىڭ سېپىدە بىز ئادەتتە كۆرۈپ تۇرىدىغان گۈللەرمۇ ، يەنە كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان گۈللەرمۇ بار ئىكەن، گۈللەرنىڭ ھەممىسى بىردىن چالغۇ ئەسۋاب كۆتۈرۈپ ياكى چالغۇ ئەسۋاب ئالدىغا قويۇپ چېلىشقا تەمشىلىۋاتقانىكەن، بۇ يەردە جاھاندا بارلىكى چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتىكەن، ناخشىچى ئورنىدا پەر - قاناتلىرى قاردەك ئاق بىر چوڭ شاتۇتى، دىرىژور ئورنىدا ئوتقاشتەك قىزىل ئەتىرگۈل بار ئىكەن.

شۇچاغ ، قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ ياپراقلىرىدا قاماللاپ

تۇتۇۋالغان تاياقچىسىنىڭ يەڭگىل سىلكىنىشى بىلەن تەڭ مۇزىكا باشلىنىپتۇ، گۇللەر گاھىلىرى كامالچە، خەرەكلىرى بىلەن، گاھىلىرى چوكا - تاياقلىرى بىلەن، گاھىلىرى قول ئورنىدىكى ياپراقلار بىلەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئەڭ ماھىر مۇزىكانىت، سازەندىلەردەك چېلىشقا باشلاپتۇ، ئارقىدىنلا شاتۇتى قول ئورنىدا ئىككى قانىتىنىڭ ئۇچىنى گىرەلەشتۇرۇپ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، ئاجايىپ يېقىملىق ۋە ياڭراق ئاۋازدا ناخشا باشلاپتۇ، ئۇ ئېيتىۋاتقان ناخشىنىمۇ، ئورۇنلاۋاتقان مۇزىكىنىمۇ ئەنۋەرجان پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىكەن، ئۇ قىزنىقىش بىلەن بىرھازا گۇللەر-نىڭ ساز چېلىشى ۋە شاتۇتىنىڭ ناخشا ئېيتىشىغا قاراپ تۇرۇپتۇ، بىراق ئۇ بەربىر كىچىك بالا - دە، شۇنچە ئېسىل ناخشا - مۇزىكىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئۇ نەدىن بىلسۇن، شۇڭا ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە زېرىكىپ، ھەرتەرەپكە ئالاڭلاپ قاراشقا باشلاپتۇ.

— ئەمدى نېمە قىلسامكىن؟ — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويۇپتۇ.

— ماڭا ئوخشاش لەپ - لەپ ئۇچۇپ، گۈلدىن - گۇلگە قونۇپ ئوينا، گۇللەرنى چاڭلاشتۇر، — دەپتۇ تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ باش ئۇستىدە قانىتى ئالىقانچىلىك كېلىدىغان بىر چوڭ كېپىنەك پەيدا بولۇپ.

كېپىنەكنىڭ قاناتلىرى تولىمۇ رەڭدار، كۆركەم بولۇپ، تېنى كېپىنەك قۇرتى بولماستىن، بەلكى بارماقچىلىك بىر قىزچاق ئىكەن.

— سېنىڭدەك قاناتلىرىم يوق، — دەپتۇ ئەنۋەرجان

ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ بىرھازا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، — قاناتلىرىم بولغان بولسا ئۇچۇپ ئوينىۋالغان بولاتتىم.

— ئەمىسە مەن بىلەن بىللە يەر ئاستىنى قىدىرىپ تەكشۈرگىن، — دەپتۇ شۇ چاغ ئۇنىڭ ئايىغى يېنىدىكى بىر تۆشۈكتىن ئەنۋەرجاننىڭ غىرىچىدا بىر كەلگۈدەك، باشمالتىقى تومۇقىدا بىر يېشىل قۇرت چىقىپ، قۇرتنىڭ بېشى ئادەم بېشىغىلا ئوخشايدىكەن.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان جىددىيلىشىپ كەينىگە بىر قەدەم داجىپ.

— ئەمىسە مەن بىلەن سۇ ئاستىدىن گۆھەر ئىزدە، — دەپتۇ ئۇنىڭدىن بىر قەدەم نېرىدىكى چوڭلۇقى داستىخان-چىلىك بىر كۆلچەكتە پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرگەن قىزىل بېلىق .

ئەمەلىيەتتە بۇ بېلىق تېنىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى كىچىك بالىدەكلا — ئادەم شەكىللىك، تېنىنىڭ قۇيرۇق قىسمى بولسا قىپقىزىل بېلىق قاسىرىقى بىلەن قاپلانغان بېلىق تەنلىك، بويى ئەنۋەرجاننىڭ بىر پاچىقىدەك بولۇپ، تولىمۇ كۆركەم ئىكەن.

— سۇغا چۈشۈشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان خىجىللىق بىلەن.

— ئەمىسە بىز كىتاب ئوقۇيلى، — دەپتۇ شۇ چاغ يەنە كىتاب قولتۇقلىۋالغان بىر ئالا ئاسلان كېلىپ.

— كىتاب ئوقۇشنى تېخى ئۆگەنمىگەن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ.

— ئەمسە ماڭا ياردەملىشىپ تازىلىق قىل، — دەپتۇ شۇچاغ بويى بىلەن تەڭ سۇپۇرگە كۆتۈرۈۋالغان ئاق بۆجەن پەيدا بولۇپ، — بۇنىڭغۇ قىلالايدىغانسەن، ھېلىقى كىچىك ھۇجرائىڭنىڭ كۈندە تازىلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدەك قىلىۋىدىم.

— بەزىدە ئانام، بەزىدە خان ئانام تازىلاپ، يىغىشتۇرۇپ بېرەتتى، — دەپتۇ ئەنۋەرجان ئۆپكىدەك ئېسىلىپ.

— ئەمسە گۈل پەرۋىش قىلالايلى، — دەپتۇ بىر ئاق پىستە كۈچۈك پەيدا بولۇپ، — ھويلاڭدا گۈل جىققۇ دەيمەن، سەن ئۇلارغا سۇ قۇيۇپ تۇرىدىغانسەن.

ئەنۋەرجان بۇنىمۇ قىلالمايمەن دېيىشكە يۈزى چىدىماپتۇ - دە.

— ماقۇل، گۈللەرگە سۇ قۇياي، — دەپتۇ دۇدۇقلاپقىنە، ئاندىن ئۇ پىستە كۈچۈك سۇنغان كىچىك چېلەكنى ئېلىپلا سۇ ئېلىشقا مېڭىپتۇ.

— ھەرھالدا ئاز - تولا بولسىمۇ كارغا كېلىدىكەن، — دېيىشىپتۇ ھېلىقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن، — تېخى ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيدىغان چېغى دەپتۇق.

ئەنۋەرجان كۆلچەكتىن لىققىدە سۇ ئاپتۇ - دە، كۆتۈرۈپ كېلىپ سوراپتۇ:

— قايسى گۈللۈككە قۇيىمەن.

— قارا! — دەپتۇ كۈچۈك، — ئاۋۇ يەردىكى رەيھان مايسىلىرى ئۇسساپ سولىشىپلا قاپتۇ، سەن بېرىپ سۇغىرىپ قوي.

ئەنۋەرجان «شار» قىلىپ چىلەكتىكى سۈنى مايسىلارنىڭ ئۈستىگىلا تۆكۈپتۇ، سۇنىڭ زەربىسىدە يۇمران مايسىلار بىراقلا يىقىلىپ يەرگە چاپلىشىپلا قاپتۇ.

— ھەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، — دەپ تۇۋلاپ كېتىپتۇ كېپىنەك ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، — ۋۇي دېتىسىز، گۈلنى مۇشۇنداقمۇ سۇغارغان بارمۇ؟

— بىچارە مايسىلارنى نابۇت قىپتىغۇ بۇ، — دېيىشىپتۇ بۆجەن، ئاسلان، كۆچۈك، يېشىل قۇرتلارمۇ يېتىپ كېلىپ.

ئەنۋەرجان قىلغان ئىشىنىڭ قاملاشمىغىنىنى ھېس قىلىپ، خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بوپتۇ، شۇ چاغ ناخشا ـ مۇزىكا چېپىپدە توختاپ، گۈللەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئۇ بىزنىڭ يۇمران قېرىنداشلىرىمىزنى يەرگە چاپلىۋېتىپتىغۇ، ۋۇ ئەسكى، يۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويايلى.

ئارقىدىنلا ئۇلار دېرىزۇر ئەتىرگۈلنىڭ باشلامچىلىقىدا چالغۇ ئەسۋابى بىلەن ئەنۋەرجاننى ئۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن ئەنۋەرجان دەرھال قېچىپتۇ، ھەرھالدا ئايىغى گۈللەردىن چاققان چىقىپتۇ، قېچىپ كېتىۋېتىپ، سوزۇك بىر پەردىگە دۈچ كەپتۇ، پەردىنىڭ ئۇ تەرىپى ئۆز ھويلىسى ئىكەن.

ئەنۋەرجان كەينىگە قارىغانىكەن، قوغلاپ كېلىۋاتقان گۈللەر يېتىشىۋالايلا دەپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان، يەنە تېخى شاتۇتى، ئاسلان، كۆچۈك، كېپىنەك، بۆجەن، يېشىل قۇرتلارمۇ گۈللەرگە بولۇشقىلى بىللە

كىلىۋېتىپتۇ.
شاتۇتى تېخى ياڭراق ئاۋاز بىلەن:
— ئۇنى تۇتايلى، قاچۇرۇپ قويمايلى! — دەپ توۋلاپتۇ.
— تېز بولاي، — ئەنۋەرجان شۇنداق دەپ ھولۇققىنىچە ئۆزىنى سۇزۇك پەردىگە ئېتىپتۇ.
«پاس» قىلىپلا كۆپۈكچە يېرىلىپ، ئۇ ئۆز ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ، ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقانلار بولسا كۆپۈك بىلەنلا غايىب بوپتۇ.
«يارىماس، ناكەس، ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيدىغان نان قېپى!......» ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ھېلىقىلارنىڭ شۇنداق تىللاشلىرى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ.
— ئۇھ ! — دەپتۇ ئۇ ئاخىر قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ،— ئەمدى كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى......
ئۇ شۇنداق دەپ بايا تاشلىۋەتكەن كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ.
— تام تۈۋىگە چۈشكىنى ئېسىمدە، بىرەرسى تېپىۋالغانمىدۇ، يا، — ئۇ شۇنداق دەپ كىم ئېلىۋالغىنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاراشقا باشلاپتۇ، ھويلا ئىشىكى ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىكەن، دېمەك سىرتتىن بىرسى كىرىپ ئاچقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا ......
ئۇ ئالدىراپ ئاكىسى ياتقان ئۆيگە يۈگۈرۈپتۇ، بىراق ئاكىسى يوق بولۇپ چىقىپتۇ، بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى تۇرسا، ئۇ ......
— ئاكاڭ ئاخشام شوجاڭ داداڭنىڭ ئۆيىدە قونۇپ

قالغان، — دەپتۇ ئۇنىڭ خان ئانىسى. ئەنۋەرجان ئانىسىنىڭ بۇرۇن مەكتەپ مۇدىرى بولغان دادىسىنى دائىم «شوجاڭ دادام» دەپ كۆنۈپ قالغانىكەن.

— ئەمدى كىم ئىلىشۋالار، — ئەنۋەرجان گۇمانلانغۇدەك باشقا بىرى بولمىغىنى ئۈچۈن سالپىيىپلا قاپتۇ. دېمەك، كۆپۈك پۈۋۈلگۈچ ئەمدى غايىب بولغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئاشۇ بىر كۈنى تولىمۇ پەرىشانلىق ئىچىدە ئۆتۈپتۇ.

كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۇ رەھمەتلىك بوۋىسىنىڭ يەنە بىر كۆپۈك پۈۋۈلگۈچ ئەكىلىپ بېرىشىنى تىلەپتۇ، بىراق بوۋىسى ئۇنى قايتا يوقلاپ كەلمەپتۇ، بەلكى ھېلىقى كۆپۈك پۈۋۈلگۈچ ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بوپتۇ.

— ئېيتە! — دەپتۇ ئەنۋەرجان ئاچچىقى بىلەن، — مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان، نېمىشقا قېچىپ كەتتىڭ.

— ئاغزىڭنى چايقىمىدىڭ، — دەپتۇ كۆپۈك پۈۋۈلگۈچمۇ ئۇنى دوراپ،— ئاغزىڭ پۇراپ كېتىپتۇ، چىشىڭنى چوتكىلاپ، ئاغزىڭنى پاك - پاكىز چايقىشىڭ كېرەكمۇ - قانداق، مەن سېنى ئاگاھلاندۇرغان، «ئاغزىڭنى چايقا» دېگەن، لېكىن سەن پەرۋا قىلمىدىڭ، مەن ئاغزىنى چايقىمايدىغان باللاردىن بىزار ، شۇڭا ئەمدى سەن بىلەن خوشلىشىۋالاي، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى ئۆزۈڭ چۆرۈۋەتكەن.

— مېنى كەچۈرگىن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان ئالدىراپ، — ماڭا يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەرگىن .

— شۇنداق قىل! نەۋرەمنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن! — قاياقتىندۇر بىرسىنىڭ شۇنداق دېگىنى ئاڭلىنىپتۇ.

كۆپۈك پۈۋۈلگۈچ ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ سىلىپ قويغان

چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەنۋەرجان ئەتىگەندە ئويغىنىپلا چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرغانىكەن، كۆپۈك پۈۋلىگۈچ قولىغا ئۇرۇنۇپتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن بەكلا سۆيۈنۈپ، ئالدىراپ كىيىملىرىنى كىيىپتۇ، يۈزىنى يۇيۇپ، ئاغزىنى چايقاپ، ناشتىنى تېزلا قىلىپ، ئاندىن ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ، كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى قولىغا ئاپتۇ.

— ئاغزىمنى چايقىدىم، — دەپتۇ ئۇ كۆپۈك پۈۋلىگۈچكە.

— ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بالا ياخشى بالا، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە.

ئارقىدىنلا كۆپۈك پۈۋلىگۈچتىن پۈۋلىگىلىمۇ سالمايلا بىر كۆپۈك چىقىپتۇ، چىققاندىمۇ ھەر كۈندىكىدىن خېلى بەك چوڭ كۆپۈك چىقىپتۇ، ئىچىدە ئالتۇن رەڭلىك كالا قوشۇلغان بىر كىچىك ئالتۇن رەڭلىك ھارۋا باردەكلا قىلاتتى، توغرا، بۇ بىر كالا قوشۇلغان يار - يار ھارۋا ئىكەن، بىراق ئۇ كۆپۈك ئىچىدە بىر ئويۇنچۇققىلا ئوخشاش كۆرۈنۈپتۇ.

ئەنۋەرجان كۆپۈك ئىچىدىكى كالا قوشۇلغان يار- يار ھارۋىغا قاراپ سەل ئۈمىدسىزلىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپۈك ئىچىدىن بىرەر قول چىقىپلا ئۇنى ئىچىگە تارتىپ ئەكىرىپ كەتمىگەنىدى.

ئۇ باشقا كۆپۈك چىقارماقچى بولۇپ كۆپۈك پۈۋلىگۈچنى كۈچەپ پۈۋلەپتۇ، بىراق ئۇنىڭدىن كۆپۈك چىقماستىن، بەلكى شامال چىقىپتۇ - دە، ئۇنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ، كۆپۈك ئىچىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ، ئەنۋەرجان نەق ھېلىقى

يار - يار ھاۋا ئۈستىگە چۈشۈپتۇ، ھاۋا ئۈستىگە تەتىللا كۆرپە سىلىقلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېچ يېرى ئاغرىماپتۇ.

بايىلا ئويۇنچۇقتەك كۆرۈنگەن ھاۋا ھازىر ئەنۋەرجان بىمالال سوزۇلۇپ ياتسىمۇ پاتقۇدەكلا، كالىمۇ قويدەك چوڭلۇقتا ئىكەن.

— سەن گېلىڭغا بەك ئامراقمۇ دەيمەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئالتۇن رەڭلىك كالا بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ، — شۇڭا، سېنى كەمپۈت تېغىغا ئېلىپ باراي دەيمەن، ئۇ يەردە كەمپۈتلا بولۇپ قالماي يەنە تېخى سەن ياخشى كۆرىدىغان مارۇژنى، مېۋە شەربىتى، شاكىلات، پېچىنە - پىرەنىك، تورت ...... دېگەندەكلەرمۇ بار. قانچىلىك يېگۈڭ كەلسە يېيەلەيسەن.

— ئەمىسە مېنى تېزرەك ئېلىپ بارغىن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان خۇشال بولۇپ.

كالا ماقۇللۇق بىلدۈرگەندەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ قويۇپتۇ - دە، سالماق قەدەملەر بىلەن يار - يار ھاۋىسىنى سۆرەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. يار - يار ھاۋىدىن بولسا غىچ - غىچ، غىچ - غىچ ...... قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ، بىراق سۈرئىتى ئاستا، يول بولسا ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن.

ئەنۋەرجان ھاۋىدا ئولتۇرۇپ تولىمۇ زېرىكىپتۇ. چۈنكى ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى ئادەتتىكىدەكلا سەھرا مەنزىرىسى بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېتىزلىقتا بولۇق ئۆسكەن زىرائەتلەر ئارىسىدىن پات - پات يۇرۇلداپ ئۇچۇپ چىقىدىغان قۇشقاچلار ئۇنى قىزىقتۇرالماپتۇ. ئالتۇن رەڭلىك

كالىنىڭ بويىندىكى ئالتۇن قوڭغۇراقلارنىڭ رىتىملىق جىرىڭلاشلىرىمۇ ئۇنىڭغا خۇشياقمىغاندەك.

«تېزرەك ماڭسىچۇ» دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدە تەقەززالىق بىلەن.

— ئالدىراۋاتامسەن؟ — سوراپتۇ ئالتۇن رەڭلىك كالا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك.

— هەئە! — دەپتۇ ئەنۋەرجان كۆڭلىدىكىنى يوشۇرمايلا.

— ئەمىسە تېزرەك ماڭاي، چىڭ ئولتۇر - هە، هارۋىدىن چۈشۈپ كېتىپ قالساڭ ئۆزۈڭنىڭ شورى، مەن كېتىۋېرىمەن، — ئالتۇن رەڭلىك كالا شۇنداق دېگىنىچە سۈرئىتىنى تېزلىتىپتۇ.

ئالتۇن رەڭلىك كالا دەسلەپ يورغىغا چۈشكەندەك سوكۇلداپ چېپىپتۇ، بارا- بارا تۇلپاردەك چېپىشقا باشلاپ، ئاخىر ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋېتىپ، ئىككى بىقىنىدىن ئىككى قانات چىقىرىپتۇ - دە، ئاسمانغا ئۆرلەپ، هارۋىنى سۆرىگىنىچە ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئەنۋەرجان هارۋىدا مەهكەم ئولتۇرغىنىچە:

— ياخشى - ياخشى ! -- دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ خۇ-شاللىقىنى باسالماي.

ئۇ هازىر ئۇچۇپ يۈرۈشلەرگە خېلىلا كۆنۈپ قالغانىكەن، ئالتۇن رەڭلىك كالا قاناتلىرىنى لەپپەڭشىتىپ، باشتا ئاستىراق، كېيىنچە ئاقار يۇلتۇزدەك تېز سۈرئەتتە ئۇچۇپ كېتىپتۇ، هارۋىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازىنىڭ ئورنىدا، ئەمدى غۇيۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ئەنۋەرجان ھېلىلا ھارۋىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، تۈۋەنگە موللاق ئېتىپ كېتىدىغانـدەك تولىمۇ قورقۇپتۇ، بېشىدىكى كەڭ گىرۋەكلىك شەپكىسىمۇ ئۇچۇپ كېتىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ: «ئاستىراق ئۇچ» دېيىشكە تىلى بارماپتۇ.

— قورقتۇڭمۇ؟ — سوراپتۇ ئالتۇن رەڭلىك كالا ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، — قورققان بولساڭ ئاستىراق ئۇچاي.

— يەنە قانچىلىك ماڭىمىز ؟ — سوراپتۇ ئەنۋەرجان ئۇنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا.

— تېز ئۇچسام بىر ەر سائەتتە، ئاستا ئۇچسام كەچ كىرگۈچە يېتىپ بارىمىز، — دەپتۇ ئالتۇن رەڭلىك كالا.

— تېز ئۇچۇۋەر، — دەپتۇ ئەنۋەرجان ھارۋىغا چارپاقىدەك چاپلىشىپ يېتىۋېلىپ.

ئالتۇن رەڭلىك كالا تېز سۈرئەتتە ئۇچۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، شۇ چاغ بىردىنلا ئاسماندا بىرسىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى ئاڭلىنىپتۇ، ئەنۋەرجان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، كۆكتە پارلاپ تۇرغان قۇياش يۈزىدە ئېغىز پەيدا بولۇپ كۈلۈۋېتىپتۇ، ئارقىدىنلا كۈلكە ساداسى ھەر تەرەپتىن ياڭراشقا باشلاپتۇ، چۈنكى قاردەك ئاق بۇلۇتلاردىمۇ ئېغىزلار پەيدا بولۇپ، ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ.

— ئۇلار سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ كۈلۈۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئالتۇن رەڭلىك كالا چۈشەنچە بېرىپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەنۋەرجان شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە خېلىلا قورققان، بىراق نەپسىنىڭ تاقىلدىشى قورقۇنچىنى بېسىپ چۈشكەچكە، «تېز ئۇچۇۋەر» دېگەنىدى.

بىر چاغدا ئالتۇن رەڭلىك كالا تۆۋەنگە ئوقتەك شۇڭغۇپتۇ، ئەنۋەرجان ھارۋىدىن موللاق ئېتىپ چۈشىدىغان-دەكلا ھېس قىلىپ:

— ئانا! — دەپ توۋلىۋېتىپتۇ، چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ياكى بىرەرسىدىن ئازار يەپ قالغان چاغلىرىدا ئانىسىنىڭ ياكى خان ئانىسىنىڭ ئۆزىنى ھىمايىسىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىكەن.

تەلىيىگە ئۇ موللاق ئېتىپ چۈشمەپتۇ، چۈنكى ھارۋىدىكى تەتىللا كۆرپە ئۇنى قامالاپ تۇتۇۋالغانىكەن، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋاپتۇ، خۇداغا شۈكۈر، ھارۋا ئاخىر يەر يۈزىگىمۇ قونۇپتۇ، قونغاندىمۇ ناھايىتى سىلىق قونۇپتۇ.

— كۆزۈڭنى ئاچ! — دەپتۇ ئالتۇن رەڭلىك كالا ئەنۋەرجانغا، — ئەمدى ھارۋىدىن چۈش، ئېسىڭدە بولسۇن، قانچىلىك يېسەڭ، ئىچسەڭ بولىدۇ، لېكىن ئېلىپ كېتىشىڭگە رۇخسەت يوق!

ئەنۋەرجان كۆزىنى ئېچىپلا ئەتراپىنىڭ ئالىيېشىللىققا پۈركەنگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ، ئۇلار چۈشكەن يەر بىر تاغ باغرى بولۇپ، تاغنىڭ ھەممە يېرىدىن ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ ئورنىدا تۇتقۇچلۇق كەمپۈتلەر ئۈنۈپ چىققان، ئۇلارنىڭ رەڭگى ھەرخىل بولۇپلا قالماي، شەكلىمۇ ھەرخىل ئىكەن، ھارۋا چاقىدەك چوڭلىرىمۇ، توپتەك يۇملاقلىرىمۇ، ئېغىزغا شۇنداقلا سالغۇدەك كىچىكلىرىمۇ بار ئىكەن، بەزىلىرى رەڭدار كېپىنەككە ئوخشىسا، بەزىلىرى ئېيىققا ئوخشايدىكەن، بەزىلىرى يەتتە خىل رەڭلىك گۈلدەكلا بولسا، بەزىلىرىنىڭ رەڭگارەڭ يوگىمەچ سىزىقلىرى ھەسەن-

ھۆسەندەك كۆرۈنىدىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە سۈت كەمپۈتلەرمۇ، مېۋە كەمپۈتلەرمۇ بار ئىكەن، بەزىلىرىنىڭ نېمىدىن ئىشلەنگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىكەن.

ئەنۋەرجان يەنە تاغ چوققىسىنىڭ ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغىنىنى، تاغ چوققىسىدىكى بىرنەچچە كاماردىن نەچچە خىل رەڭلىك شارقىراتمىنىڭ شارقىراپ چۈشۈۋاتقىنىنىمۇ كۆرۈپتۇ، شارقىراتمىدىن چۈشكەن رەڭلىك سۇلار تاغ باغرىدا كىچىك ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ، ھەر تەرەپكە تاراملاپ ئېقىپ تۇرغانىكەن، ئېقىنلاردا بولسا كىچىك- كىچىك قېيىقلار ئېقىۋاتقان، قېيىقلاردا ھەر خىل مارۇژنىلار — قايماقلىقى، بۆلجۈرگەنلىك قېقىزىللىرى، تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىتىلگەن ساپسېرىقلىرى...... ئەيتاۋۇر، بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان مارۇژنى تۈرلىرى ھەممىسى بار ئىكەن، يەنە تېخى كىچىك ئېقىنلار بويىدا ئېرىقتىكى رەڭلىك سۇلارنى ئۇسىدىغان تۇتقۇچلۇق قاچىلارمۇ قويۇلغان بولۇپ، شۇ چاغ كىچىك ئېقىنلاردىن ناخشا ساداسى ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ:

شارقىراتما ياساپ بىز ، چۈشتۇق چوققىدىن،
ئاقىمىز توختىماي، ناخشىمىز ياڭراق.
بىز ئېسىل شەربەت بىز، مېۋىلەر سۈيى،
ھاڭۋاقماي ئىچىڭسىز بىزنى چاققانراق.

بۇ ناخشا ئەنۋەرجانغا بەكمۇ يېقىپتۇ، نەپسىنى تېخىمۇ تاقىلدىتىپتۇ، شۇڭا ئۇ ھارۋىدىن دەرھال سەكرەپ

چۈشۈپتۇ، شۇ هامان ئالتۇن رەڭلىك كالا شاكىلات كالىغا، هارۋا ئۇ ئەڭ ئامراق پىچىنە - پىرەنىك هارۋىغا، تەتىللا كۆرپە بولسا راسا ئوخشىغان قات - قاتقا ئايلىنىپ قاپتۇ.

ئەنۋەرجان بۇنىڭدىن ئانچە ھەيران قالماپتۇ، بۇ ئۇنىڭغا خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەكلا تۇيۇلۇپتۇ، ئەمدى ئۇ ئۆزىنى ئېقىن بويىغا تاشلاپتۇ - دە، تۇتقۇچلۇق قاچىدا ھەممە ئېقىندىن بىر قاچىدىن رەڭلىك سۇ ئېلىپ ئىچىپتۇ، بىر خىلى شاپتۇل تەملىك، بىر خىلى ئالما تەملىك. بىر خىلى قوغۇن تەملىك ئىكەن، بەزىلىرىنىڭ قايسى خىل مېۋە تەملىك ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قاپتۇ، بىراق ھەممىسى ئۇنىڭغا بەك تېتىپتۇ، ئىچكەنسېرى ئىچكۈسى كەپتۇ، يەنە تېخى ئېرىق بويىدىكى ھەر خىل كەمپۈتلەردىنمۇ قولىغا چىققانىنى ئېلىپ، شۇمۇپ ئولتۇرمايلا گاراچلىتىپ يېگەچ تۇرۇپتۇ،ئۇلارنىڭ تاتلىقلىقى ۋە تەملىرى-نىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىكى ئۇنى بەك مەمنۇن قىپتۇ.

«بۇ يەردىن كېتىپ قالسام بۇنداق ياخشى نەرسىلەرگە يەنە ئېرىشەلمەيمەن» دەپ ئويلاپتۇ ئۇ:«جىقراق يېۋالاي، جىقراق ئىچىۋالاي».

ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدىن سارقىغان رەڭلىك سۇلار كىيىملىرىنى بۇلغاپتۇ، شىرنىلىك كەمپۈتلەر نەچچە يېرىگە چاپلىشىپ قاپتۇ.

— ھەي، كىيىمىڭ رەسۋا بولدى، دىققەت قىل! — دەپ توۋلاپتۇ ئۇنىڭ مايكىسىدىكى باسما سۈرەت ئۆزۈن قولاق ئاق بۆجەن رەنجىپ، — قارا، ئاپپاق بۆجەن ئىدىم،

ھازىر ئالىيىشىل بىرنىمىگە ئوخشاپ قالدىم.

بىراق، ئۇنىڭ گەپلىرى ئەنۋەرجاننىڭ قۇلىقىغا كىرمەپتۇ، بەلكى ئۇ ئىقىندا ئىقىپ كېتىۋاتقان مارۇژنى قاچىلانغان كىمىگە چاڭگال ساپتۇ.

— پاھ! نېمىدېگەن تاتلىق، نېمانچە سوغۇق ـ ھە؟!— دەپتۇ ئۇ تىللىرىنى تامشىتىپ.

ئۇ مارۇژنىنى كىمىسى بىلەنلا قوشۇپ يېۋېتىپتۇ، چۈنكى مارۇژنى قاچىلىغان بۇ كىمىمۇ قوناق ئاقبالدىقىدىن ياسالغان، قەغەزدەك نېپىز، بەك تەملىك ئىكەن.

ئۇ ناھايىتى كۆپ يەپتۇ، ئىچىپتۇ، لېكىن تويغاندەك قىلماپتۇ، ئاق بوّجەن سۈرىتىمۇ ئۇنىڭغا تولا نەسىھەت قىلىپ، ئاخىر جىمىقىپتۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئاغزى سۇركەلگەن شىرنە بىلەن يەملىشىپلا قالغانىكەن.

بىراق، نەسىھەت قىلىدىغان يەنە بىرى چىقىپتۇ، ئۇ بولسىمۇ شاكىلاتقا ئايلىنىپ قالغان كالا ئىكەن.

— چىشىڭنى ئاسرا! — دەپتۇ شاكىلات كالا، — كەمـ ـسپۈت بىلەن مارۇژنىنى كۆپ يېيىش چىشقا زىيانلىق، چىشلىرىڭنى قۇرت يەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن چىشىڭ قاتتىق ئاغرىيدۇ، ئەمدى ئەتراپىنى چۆرگۈلەپ ئويىنىۋالغىن، بىر بۇلاق بولىدىغان، سۈيى سۈزۈك ھەم پاكىز، ئاغزىڭنى چايقىۋالـ ـغىن، بولسا كىيىملىرىڭنىمۇ يۇيىۋال، سۇغا چىلىساڭلا بولغىنى، سەللا شامالداتساڭ قۇرۇيدۇ، تازىلىققا دىققەت قىل، نېرىدا يەنە......

— نېمە كارىڭ! — دەپتۇ ئەنۋەرجان ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەستىلا چالۋاقاپ، ئۇ شۇنداق دەپ بىردىنلا كالىنىڭ

شاكىلاتقا ئايلانغانلىقىنى تېخى ھازىرلا كۆرگەندەك ھېس قىپتۇ ـ دە، ئېتىلىپ بېرىپ كاالىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپتۇ.

— نېمە قىلىسەن؟ — دەپ تۇۋلاپ كېتىپتۇ شاكىلات كاالا.

— ئاۋۋال پۇتلىرىڭنى يېۋېتەي، — دەپتۇ ئەنۋەرجان، — شۇنداق قىلسام قېچىپ كېتەلمەيسەن، ئاندىن ئالدىرىماي ھەممە يېرىڭنى، تېخى ماۋۇ پېچىنە ھارۋا، قات ـ قات كۆرپىنىمۇ يەپ تۈگىتىمەن.

— ئۇنداق قىلما، — دەپتۇ شاكىلات كاالا، — بىزنى يېۋەتسەڭ كىم سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىدۇ.

— ھېچكىم، — دەپتۇ ئەنۋەرجان كاالىنىڭ بىر پۇتىنى غارسىسدە ئۈشتۈۋېتىپ، — بەلكىم كەتمەسمەن، بۇنداق ياخشى يەردىن كىمنىڭمۇ كەتكۈسى كەلسۇن.

شۇنداق دەپ ئۇ كاالىنىڭ سۇندۇرۇلغان شاكىلات پۇتىنى قاساپ ـ قاساپ نەچچە چىشلەپ قويۇپ، يەنە بىر پۇتىغا ئېسىلىپتۇ ۋە تېزلا ھەممە پۇتلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كاالىنىڭ تېنى پوككىدە يەرگە چۈشۈپتۇ.

ئەنۋەرجان ئەمدى ھارۋىنىڭ چاقلىرىغا ھۇجۇم باشلاپتۇ، چاقلارمۇ تېزلا پاچاقلاپ تاشلىنىپتۇ، يىلاندەك يەر بېغىرلاپ قاچماقچى بولغان قات ـ قات كۆرپىمۇ پارچىلىۋېتىلىپتۇ، ئەمدى ئەنۋەرجان بولارنى ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ يېسىلا بولىدىكەن.

بىراق، ئۇ تازا ئىشتىھا بىلەن بىر قولىغا پېچىنە، بىر قولىغا شاكىلات ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر، بۇنىڭدىن بىر چىشلەپ، بەھۇزۇر يەۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر تەرەپتە «چىر-

چىر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ.
ئۇ قايرىلىپ قاراپتۇ، ۋاي خۇدايىم، نېرىدا قويدەك يوغان بىر چاشقان ئۈتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغۇدەك.
ئەنۋەرجان بەكمۇ قورقۇپتۇ، بىر تۇرۇپ: «ئۇمۇ كەمپۈت ياكى شاكىلاتمىدۇ، ياكى شۇنداق بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالامدىغاندۇ» دەپمۇ ئويلاپتۇ، بىراق چاشقان ئۇ ئويلىغاندەك كەمپۈتكىمۇ، شاكىلاتقىمۇ ئايلىنىپ قالماپتۇ، بەلكى بىر سۇمۇرۇپلا ھەممە ئېقىندىكى مېۋە شەربەتلىرىنى، كېمە - قېيىقلاردىكى ماروژنىلارنى تۈگىتىپ قويۇپتۇ، ھەتتا تاغ چوققىسىدىكى ئاپپاق قاردەك ماروژنىلارمۇ، كۆپكۆك مۇز قەنتلەرمۇ غايىب بولۇپ، شارقىراتمىلار يوقاپتۇ، ئۇ يەنە بىر دەم تارتقانىكەن، ھەممە تۇتقۇچلۇق كەمپۈتلەر، ھەتتا كەمپۈت تېغىمۇ قومۇرۇلۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ كارامەت يوغىناپ كەتكەن ئاغزىغا ئۇچۇپ كىرىپ كېتىپتۇ، ئورنىدا بولسا قۇپقۇرۇق بىر تۈزلەڭلىك قاپتۇ.
ئەمدى بۇيەردە ئاشۇ بالاخور چاشقان بىلەن ئەنۋەر-جان، پۈتلىرى ئوشتۇۋېتىلگەن شاكىلات كالا، چاقلىرى پاچاقلىۋېتىلگەن يار- يار ھارۋا ۋە پارچىلىۋېتىلگەن قات - قات كۆرپىلا قالغانىكەن.
چاشقان ئەمدى بۇلارغا خىرس قىپتۇ، قورقۇنچتا يۈرىكى قاتتىق دۈكۈلدەپ سوقۇپ، تېنى كۆز شامىلى سوق-قان غازاڭدەك تىترەۋاتقان، رەڭگىرويى ئۆڭۈپ - تاتىرىپ كەتكەن ئەنۋەرجان:
— مېنى ئەكەت، مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قوي، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال! — دەپتۇ شاكىلات كالا بىلەن پىرەنىك

ھارۋىغا ۋە قات ـ قات كۆرپىگە قاراپ يىغلامسىراپ.

— پۇتلىرىمنى سۇندۇرۇۋەتتىڭ، — دەپتۇ شاكىلات كالا ئاچچىقى بىلەن، — پۇتلىرىم ساق بولغان بولسا ئىتتىلىپ بېرىپ بالاخور چاشقاننى ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم، سەنمۇ قۇتۇلغان بولاتتىڭ.

— چاقلىرىمنى پاچاقلىۋەتتىڭ، — دەپتۇ يار - يار ھارۋىمۇ غىچىرلاپ تۇرۇپ.

— ساق بولغان بولسام، سېنى قۇتۇلدۇرۇپ ئەكەتكەن بولاتتىم.

— مېنىمۇ پارچىلىۋەتتىڭ، ساق بولغان بولسام ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشالايتتىم، ئەمدى ئامال يوق، — دەپتۇ قات - قات كۆرپىمۇ.

— ئەمدى كۆرگۈلۈكنى كۆر! — دېيىشىپتۇ ئاخىر ھەممىسى ئاچچىق بىلەن، — بىزگىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ.

ئەنۋەرجان ئەمدى نېمە قىلارىنى بىلمەي جايىدا قاتقان قوزۇقتەكلا تۇرۇپ قاپتۇ. قوللىرىدىكى شاكىلات - پىرەنىك - لەرمۇ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

شۇ چاغ چاشقان يەنە بىر دەم تارتقانىكەن، شاكىلات كالا، پىرەنىك ھارۋا، قات - قات كۆرپىلەر ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپ، تېرىقتەك ئۇۋۇقىمۇ قالماپتۇ.

ئەمدى بۇ بالاخور چاشقان ئالدىدا بىچارە ئەنۋەرجان تەنھا قاپتۇ، بىراق چاشقان شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى يەپ - ئىچىپمۇ يەنىلا تويغاندەك كۆرۈنمەپتۇ. ئەمدى ئۇ چىشلىرىنى كىرىسلىتىپ:

— مەن ئاچ كۆز ھەم تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان

باللارغا بەك ئامراق، ئۇنداقلارنىڭ گۆشى مەن ئۈچۈن ھەممىدىن تەملىك، — دەپتۇ چاشقان ئەنۋەرجانغا خىرىس قىلىپ بوغۇق ئاۋازدا. بىچارە ئەنۋەرجان بولسا:

— ئانا! خان ئانا! مېنى قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ يىغلاشتىن باشقا ھېچ ئىلاج قىلالماپتۇ، چاشقان بولسا ئۇنىڭ يىغىسىغا يىرگىنچلىك كۈلكىسى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، ئارقىدىنلا بىرلا دەم تارتقانىكەن، ئەنۋەرجانمۇ كۆز شامىلى سوققان غازاڭدەك ئۇچۇپ ئۇنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىپتۇ . بىراق، چاشقاننىڭ قارنىغا بۇ ئاخىرقى بىر لوقما سىغماي قاپتۇ - دە، «پاس» قىلىپلا ئۇنىڭ قورسىقى يېرىلىپتۇ، ئەنۋەرجان قۇتۇلۇپتۇ. ئۇ «ئۇھ !» دەپ كۆزياشلىرى ۋە پېشانىسىدىن تەپچىگەن سوغۇق تەرنى سۈرتكەچ ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنىڭ يەنىلا ئۆز ھويلىسىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىپتۇ، بىراق بېشىدىكى شەپكىسىمۇ يوقىلىپتۇ. يانچۇقىنى ئاختۇرسا، كۆپۈك پۈۋلىگۈچمۇ چىقماپتۇ.

— ئۇ قېنىدۇ؟ — ئەنۋەرجان چۈشۈرۈپ قويغان بولماي يەنە دەپ، ھويلىسىنىڭ ھەممە يېرىنى ئىزدەپتۇ، بىراق تاپالماپتۇ، — ئۇنىڭدىن ئايرىلىپتىمەن - دە، — دەپتۇ ئۇ ئاخىر تەن بېرىپ.

— ئۆزۈڭنىڭ شورى، — دەپتۇ كىمدۇر بىرى، — كىم سېنى خاتالىقىنى تۈزەتمىسۇن دەپتۇ.

ئەنۋەرجان بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، كۆپۈك پۈۋلىگۈچ ھاۋادا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىلا لەيلەپ تۇرغۇدەك، ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا قول سوزغانىكەن، كۆپۈك پۈۋلىگۈچ ئىككى

بىقىنىدىن قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

— كەتمە، — دەپ يېلىنىپتۇ ئەنۋەرجان.

— كەچۈرگىن، — دەپتۇ كۆپۈك پۈۋۈلىگۈچ باشقا بالىلارنىڭ يېنىغا بېرىشىم كېرەك، سېنىڭ ياخشى بالا بولۇشۇڭنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق بولغاندا مەن سېنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن.

— چوقۇم ياخشى بالا بولىمەن، — دەپتۇ ئەنۋەرجان.

كۆپۈك پۈۋۈلىگۈچ تېزلا غايىپ بوپتۇ، ئەنۋەرجانغا نېمە ئامال، لېكىن ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىپ، ياخشى بالا بولۇش قارارىغا كەپتۇ ھەم ھەقىقەتەن شۇنداق قىپتۇ.

ئېيتىڭلارچۇ كىچىك دوستلار، كۆپۈك پۈۋۈلىگۈچ يەنە ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەرمۇ؟



مەسئۇل مۇھەررىرى: **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **قەمبەرگۈل ئوسمان**

# خرۇستال شاھزادە

(چۆچەكلەر)

ئاپتورى: **ئادىل ئىمىن**

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092 × 787 م م 1/32، باسما تاۋىقى: 6.875
2011 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3000 — 1
ISBN 978—7—5373—2284—3
باھاسى: 14.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998—2653927

这部童话集由5篇童话故事编成。作品用的形象，有趣的情节故事来引导学生好好学习，改正不良的习惯，加强团结友，互相帮助来克服学习和生活中的困难，并教小朋友们学做人处世之道，小培养良好的思想，艰苦奋斗的作风，长大成有道德，有才能的人。

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق



ISBN 978-7-5373-2284-3

（民文）定价：14.00 元